
ئىنتىل سەيناسى ئېلېكترونلۇق
تور ژورنىلى
2008 - يىللىق 1 - سان
تەھرىر ۋە ژورنال ئىشلىگۈچى :
كۆلكە 0997

# مۇندەرىجە

**2008 . 1 سان**

## ئىنتىل سەيناسى بىلىم سەيناسى


1. ئىنتىل روھى مەڭگۈ نۇرلانسۇن ........................................................................ 4

2. [شېئىر]دۇئا ئالدىك دۇر ئالدىك ........................................................................ 6


## مەشغۇلات سىستېمىسى


1. (سناپ بېقىك) xp ھۆججەت دېكلاماتسىيە قىلالايدۇ ........................................................................ 7


## يۇمشاق دېتاللار رايونى


1. AutoPlay Menu Builder نىڭ دەرسلىكى ........................................................................ 8

2. UltraISO نىڭ دەرسلىكى ........................................................................ 20


## مەخسۇس Office رايونى


1. [ ياردەم ] wordتا قوش يۈزلۈك بېسىش ........................................................................ 23

2. [ ياردەم ]كىملىكنى تىپپ چىقىش ........................................................................ 26

3. [ ھۈنەر ] Word تا بەت يۈزىنى قۇلۇپلاش ........................................................................ 27

4. [ ھۈنەر ] Excel دا « ئەر » ۋە « ئايال » نى ئاپتوماتىك چىقىرىش ........................................................................ 28

5. [ ياردەم ] Excel دا جەدۋەل لايىھىسىنى ئۆزگەرتمەي كۆچۈرۈشتىن ........................................................................ 30

6. [ ھۆنەر ] Word دىن كىچىككىنە بىر مىسال ........................................ 32

## كىچىك بىلىملەر

1. Shift كۇنۇپكىسىنىڭ 10 چوڭ ئالاھىدىلىكى ........................................ 33
2. XP نىڭ خاسلىقىدىكى OEM ئۇچۇرىنى ئۆزگەرتىش ........................................ 37

## نەسرىي ـ شېئىرىي ئەسەرلەر

1. ئات ھەققىدە مۇخەممەس ........................................ 41
2. دېھقانلار قاچان بايرام قىلىدۇ؟ ........................................ 48
3. ھەرگىز دېھقان بولۇپ قالماڭ ........................................ 52
4. چىڭگىزخاننىڭ تەرجىمھالى ........................................ 56

## ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى

1. كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى ........................................ 63

## تور بىلىملىرى

1. تور سۈرئىتىنى 20% ئاشۇرۇش(تەرجىمە ئەسەر) ........................................ 65
2. توردىكى ئارقىمۇ ئارقا ناخشىلارنى چۈشۈرۈش ھەققىدە ........................................ 66
3. توردىن ھەرقانداق كىنو ۋە ناخشىلارنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى ........................................ 68

4. تور خاندا ئاقىدىغان 10 ھۆنەر........................................................................72

5. [ھۆنەر]مەڭگۈلۈك ئۆلنىش، مەڭگۈلۈك باش بەت ئىنتىل.....................................................73

6. Google AdSense قائىدىسىگە خىلاپ قىلمىشلار.......................................................74

7. Google ئېلانى ئىلتىماس قىلىش .......................................................................76

8. Google ئېلانى ھەققىدىكى ئاددىي ساۋاتلار ..........................................................78

9. Google دىن پۇل ئېلىش ئۇسۇلى ۋە ۋاقتى ........................................................80

10. QQ غىلا چىقىپ تورغا چىقالماسلىق مەسىلىسىنىڭ سەۋەبى...................................................81

11. باشقىلارنىڭ QQ سىنى كومپيۇتېردا تىزىملاتقىلى بولمايدىغان قىلىپ.........................................87

12. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ خەرىتىسى تېپىلدۇ(توپلام)..........................................89

13. كومپيۇتېر توردىكى دائىرە نامىغا ئائىت ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا..................89

14. كومپيۇتېر قوزغالسىلا تورغا ئۇلىنىدىغان قىلىش ..................................................93

15. [چاپلانما]Google دا ئۈيغۇرچە تور تۆرا (blog) ياساش...............................................95

16. [ياردەم]تور قوشنا مەسىلىسى - 网有重名络..................................................95

## فىلىم ئاۋاز رايونى

1. فىلىم، ئاۋاز ۋە رەسىم ھۆججەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن نامىنى بىلەمسىز؟..................................98

# ئىنتىل سەيناسى بىلىم سەيناسى

## ئىنتىل روھى مەڭگۈ نۇرلانسۇن

يوللىغۇچى: خاراباتى

(بۇ يازمىنى ئىنتىل توربېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۈچ يىللىقىغا، ئۇيغۇرچە XPۋۇجۇدقا چىققانلىقى شەرىپىگە بېغىشلايمەن)

مەن يازمىنى غەربى ياۋروپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتتە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەلىك بىلەن باشلاي؛ ئەمدىلا يەتتە ياشقىمۇ توشمىغان بىر ئوغۇل بالا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاتا ئانىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىپ باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىجاقسىز بالىلارنى بېقىپ تەربىيىلەيدىغان ئورۇنغا ئاپىرىلىپ قۇيۇلىدىكەن سەبىي چاغدىلا ئۆز ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىلىپ يۈرىكى ئېغىر ئازابلانغان بۇ بالا يەنىلا ئاتا ئانا مېھرى تەشنالىقىدا ئون ئۈچ ياشقا كىرگىچە مەيلى قەيەردىلا بولمىسۇن ئۆز ئاتا ئانىسىنى بولۇپمۇ ئۆز مەبۇدىسى ئانىسىنى ئىزدەشنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپتۇ ئەمما تىرىشچانلىقىدىن ھېچ نەتىجە چىقمايلا قالماي ئانىسىنىڭ ئۇرۇق تۇغقانلىرى ۋە باشقا ئانام دەپ ئىزدەپ بارغان ئانىلار تەرىپىدىن سوغۇق مۇئامىلە مەسخىرە ... لەرگە ئۇچراپتۇ ... ئانىلىق مېھرى مۇھەببەت تەشنالىقىدا ھالىدىن كېتەي دېگەن بۇ بالا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ بولۇپتۇ ئەمما ئۇنداق قىلماپتۇ ئۇ بالا ئاخىر قايتا قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق« مەن زادى ئۆزۈم ئىزدىگەن مېھىر مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەسمەنمۇ؟ ياق ئۇنداق بۇلىشى مۇمكىن ئەمەس مەن باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزۈم ئاۋۋال باشقىلارغا مۇھەببەت ياخشىلىق ياردەم ئاتا قىلىشىم لازىم» دەپ ئويلاپ ھەر كۈنى

ئون ئادەمگە خالىس ياخشىلىق ياردەم قىلىشنى قارار قىلىپتۇ ھەم ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپتۇ ئۇ بالىنىڭ ياخشىلىق، ياردىمگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئۇ بالىدىن «ماڭا نېمىشقا ياردەم قىلىسىز نېمە مەخسىدىڭىز بار؟»دەپ سورىسا« ھېچقانداق باشقا مەخسىدىم يوق مۇمكىن بولسا سىزمۇ كۈندە ئون ئادەمگە ياخشىلىق ياردەم قىلىڭ بۇلامدۇ ...»دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىنىڭ روھىدىن ھەم سۆزىدىن تەسىرلەنگەن مەنپەئەت پەرەسلىك شەخسىيەتچىلىك قاپلىغان بۇ دۆلەتتىكى كىشىلەر ئىچىدە ئۆز-ئارا ياردەم ياخشىلىق قىلىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات ئاستا ئاستا كېڭىيىشكە باشلاپتۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بىر نوپۇزلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇ بالىنىڭ ئىش ئىزلىرى تېلېۋىزىيىدە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىپتۇ شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتتىكى سانسىزلىغان كىشىلەر بۇ بالىغا رەھمەت تەشەككۇر خېتى يېزىشىپ ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق پىدائىي بولۇپ ياخشى ئىش.. قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ شۇنداقلا كۆپلىگەن ئانىلار بۇ بالىنى ئۆزىگە بالا بولۇشقا تەكلىپ قىلىپتۇ .. شۇنداق قىلىپ ئۇ بالا كۆزلىگەن مۇھەببەتكە ئېرىشىپتۇ ھېكايە تاماملىكى يېقىندا شەھەردىن بەش ك م يىراقلىقتىكى يېزىغا بېرىپ قايتىپ كېلىشىدە ئازراق يۈكۈم بىلەن يېزا يولىدا قاتناش ساقلاپ قالدىم ئاتمىش ياشلاردىكى بىر شەھەر كەمبەغلى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن شەھەرگە مېڭىپتۇ «ئازغىنە يۈكۈمنى ئېلىۋېلىڭ ھەققىڭىزنى بېرەي »دېسەم ‹قىرىق يۈەن بېرىڭ› دېمەمدۇ ‹يىگىرمىنى بېرەي›دېسەم گەپ قىلماي كېتىپ قالدى ؟؟ شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇل پەرەسلىك، مۇھەببەتسىزلىكتىن ۋۇجۇدۇم تىترىدى ...! ئەمدى ئىنتىل تور بېتىگە قايتىپ كېلەيلى مەن قىرىق بەشكە كىرگەندە (ئىككى يىل ئاۋۋال) بىر ئەپەندى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەپتىسىگە ئون ئالتە سائەت دەرس يۈكى بىلەن بۇ كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە تۇتۇش قىلىپ قالدىم ھېچقانداق بىرەر كۇرستا تەربىيىلىنىش پۇرستىممۇ يوق ئىدى ئاۋۋال كومپيۇتېر ئېلىپ تورغا ئۇلىدىم ئەمما بەك قىينالدىم ئەقەللىيسى باشتا بىر قېتىملىق ۋىرۇس تازىلاش ئۈچۈنمۇ ئەتراپتىكى ئۇستىلارغا پۇل تۆلىدىم ئۆزۈڭنىغا قالماي ئىنتىلغا ئەزا بولدۇم ھەر جەھەتتىن تىرىشىش ھەم ھەربىر قىيىن مەسىلىگە يولۇقسام تىنماي تارتىنماي سوراش ئارقىلىق توغرىسى ئىنتىلدىكى لوپنۇر، ئەل ئوغلى، لاچىن، بۇلاق، شۇڭقار قاتارلىق كۆپلىگەن دوستلار، تورداشلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى تۈرلۈك خالىس ياردىمى بىلەن مانا ھازىر بىخەتەرلىك، يۇمشاق دېتال ئىشلىتىش، يوللانما

يوللاش... قاتارلىقلاردا دەسلەپتىكى قەدەمدە يېتىلىپ قالدىم دېمەكچىمەنكى ئىنتىل توربېتىدە ياش، جىنس، كەسىپ، بايلىق ئەمەل ،... پەرقسىز غەرەزسىز، خالىس ھالدا ھېلىقى ياۋروپالىق بالا باشلىغان قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن قىيىنچىلىقتا يولۇققانلارغا ھەر تەرەپتىن ياردەم بېرىدىغان ئۆز-ئارا ئۆگىنىدىغان ھەتتا ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تور بەت قۇرۇپ پايدا مەنپەئەت كۆزلىمەي تۇرۇپ ئۇيغۇر كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئۈچۈن ئۈن-تۈن سىز تۆھپە قوشىدىغان، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ تەڭ ئىلگىرىلەپ ئۇيغۇرچە XPنى ئۇتۇقلۇق مەيدانغا كەلتۈرگەندەك تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىدىغان قىممەتلىك بىر روھ بار مېنىڭچە بۇ خىل ئالىي جاناب روھنى مەڭگۈ قەدىرلەشكە داۋاملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ مەن ئويلايمەن ھەم شۇنداق مۇراجىئەت قىلىمەن بىز مەيلى قايسى ساھە قايسى كەسىپتە قايسى ئورۇندا بولمايلى ئىنتىلدىكى بۇ خىل روھنى جارى قىلدۇرساق كەلگۈسى ھەرقانداق ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىدىن نېمىشقا ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىكەن ؟!

ئىنتىل روھى مەڭگۈ نۇرلانسۇن!

# [شېئىر]دۇئا ئالدىك دۇر ئالدىك

# (ئۇيغۇرچە Windows XP ئىشلىگەنلەرگە)

يوللىغۇچى: ئەلرايى

ئالىپ، قادىر، ئىنتىللار،
ئەلنى سۆيگەن ئوغلانلار.
ئەل ئىشقىدا ئوت بولۇپ،
مەشئەل بولۇپ يانغانلار،

ئالقىش يەنە ھەشقاللا،

تۇتاي گۆھەر مىڭ تىللا.

بەخت ئامەت يار بولسۇن،


رەھمەت قىلسۇن بىر ئاللا.

دۇئا ئالدىڭ دۇر ئالدىڭ،

ھاياتىڭغا نۇر ئالدىڭ.

كەلگۈسىمىز يولىغا،

ئۆزۈلمەس بىر قۇر ئالدىڭ.



# (سىناپ بېقىڭ) xp ھۆججەت دېكلاماتسىيە قىلالايدۇ


يوللىغۇچى: دەردمەن

سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ كومپيۇتېر كۇنۇپكا تاختىسىدىن ھەربىر كۇنۇپكىنى باسقىنىڭىزدا بېسىلغان كۇنۇپكىنىڭ ئىنگلىزچە ئوقۇلۇشى ئاڭلانسا، مائۇس بىلەن پروگراممىلارنى ئاچقان ياكى تاقىغاندا ماس كېلىدىغان بۇيرۇقنى ئاپتوماتىك ئوقۇپ بەرسە، ھەتتا ئىنگلىزچە تېكىست ھۆججىتى ئاچقىنىڭىزدا ھۆججەت مەزمۇنىنى ئاپتوماتىك دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرسە. سىز مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلامسىز؟ ئويلامسىز؟

ئويلىسىڭىز:

**باشلاش(开始) تىزىملىكىدىن ئىجرا قىلىش(运行) نى بېسىپ كۆرۈنگەن كۆزنەككە narratorدېگەن بۇيرۇقنى كىرگۈزۈپ جەزملەشتۈرۈڭ.**

**ئەسكەرتىش: بۇ بۇيرۇق پەقەت WINDOWS2000/XPمەشغۇلات سىستېمىلىرىدىلا ئىشلەيدۇ ھەم پەقەت ئىنگلىزچە بۇيرۇق ۋە تاق سۆزلەرنىلا ئوقالايدۇ. باشقا نەرسىلەرنى ئوقۇتمەن دەپ بىچارىنى قىينىماڭ!**



# ئاپتوماتىك قوزغىلىدىغان دىسكا ياساش يۇمشاق دېتالى

# AutoPlay Menu Builder


ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز دوستلار، بەلكىم سىلەر بۇ دەرسلىكنىڭ تېمىسىنى كۆرۈپلا نېمە توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولغىنىمنى بىلىپ بولدۇڭلارغۇ دەيمەن. سىلەر ئادەتتە نۇرغۇن دىسكىلارنى ئۆپتىك قوزغاتقۇچقا سالغىنىڭلاردا ئاساسەن دىسكىلار ئۆزى ئاپتوماتىك ھالدا قوزغىلىپ بىزگە بەزىبىر ئاسانچىلىقنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: بىلىك ئىنتىل ھەمكارلىقىدىكى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان XP نىڭ دىسكىسى دەل بۇنىڭ مىسالى.





مانا يۇقىرىدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك.

ئۇنداقتا سىزمۇ ئۆزىڭىز مۇشۇنداق ئاپتوماتىك قوزغىلىدىغان دىسكا ياساشنى ئارزۇ قىلامسىز؟ بۇمۇ تەس ئەمەس، پەقەت ئازراقلا ۋاقىت چىقارسىڭىز ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالالايسىز. ئۇنداق قۇرۇق گەپنى قويۇپ دەرسىمىزنى باشلاپ كېتەيلى.

ئاۋۋال سىز توردىن AutoPlay Menu Builder دېتالىنى چۈشۈرۈپ كومپيۇتېرىڭىزغا قاچىلاڭ. قاچىلاش باسقۇچلىرى باشقا دېتاللارنى قاچىلاشقا ئوخشايدۇ. ( بۇ توغرىسىدا ئېنىق سۆزلەنمەيدۇ) دېتالنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۈستەل يۈزىگە ئاشۇ دېتالنىڭ  سىن بەلگىسى كۆرۈنىدۇ. سىز دېتالنى قوزغاتسىڭىز تۆۋەندىكىدەك كۆرۈنۈش چىقىدۇ.





بۇ كۆزنەكنىڭ 2 ـ رايوندىن ئۆزىڭىز ياقتۇرغان قېلىپنى تاللاپ ئاندىن كېيىن 1ـ رايوندىن دىسكىغا ئويماقچى بولغان ھۆججەت بار ئورۇننى كۆرسىتىسىز. يەنى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:




سىز 1ـ رايوننى باسسىڭىز كومپيۇتېرىڭىزدىكى بارلىق دىسكىلارنى كۆرەلەيسىز، شۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزىڭىز دىسكىغا

ئويماقچى بولغان باش مۇندەرىجىنى تاللايسىز. يەنى 3-رايۇندىكىدەك. ( ئىچىدىكى تارماق مۇندەرىجىلەر ئەلۋەتتە دىسكىغا ئويلىدىغان مەزمۇنلار ... يەنە باشقا قوشۇمچە دىتاللارمۇ بار ئەلۋەتتە). ئاندىن كېيىن سىز تاللاپ بولغاندىن كېيىن جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ مەشغۇلات قىلىش باسقۇچىغا كىرىمىز. تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:





4-رايون: دىسكا قوزغالغاندىكى ئېكران تەڭشىكى (1024*768، 800*600 دېگەندەك).

5-رايون: ياسىماقچى بولغان كۇنۇپكىلارنى ئوڭ ـ سولغا، ئاستى ـ ئۈستىگە رەتلەپ بېرىدۇ.

6 ـ رايون: بۇ رايون ئاساسلىق رايون بولۇپ سىزنىڭ كۆرىۋاتقىنىڭىز پەقەت كۇنۇپكىلا، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە تەگلىك رەسىمى، كۇنۇپكا ئاۋازى، تەگلىك مۇزىكىسى .... قاتارلىق بىرمۇنچە تۈرلەر بار، بۇنى ھېلى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

7-رايون : بۇ رايۇنمۇ مۇھىم رايوننىڭ بىرى ، بۇنىڭدا ھەربىر كۇنۇپكىنىڭ خاسلىقىنى تەڭشەپ شۇ كۇنۇپكىنىڭ رولىنى نامايەن قىلىدىغانرايون .

8- رايون: بۇ بىر كۆزنەك بىلەن كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاساسىي كۆزنەك بولۇپ ئۇنىڭغا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بارلىق رايونلار مۇشۇ كۆزنەكتە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.




9- رايون: بۇ رايوننى دىمىسەممۇ سىز بىر كۆرۈپلا نىمىگە ئىشلەيدىغانلىقىنى

بىلشۋالدىڭىزغۇ دېمەن. يەنى بارلىق قۇرال سايمان رايونى. بۇنىڭدا سىز 8- رايونغا ھەرخىل ھەركەتچان خەت ۋە ئاسما خەتلەرنى بېرەلەيسىز، ئۇندىن باشقا ئاۋاز، مۇزىكا، سۈرەت، فىلمىش .... قاتارلىق ھەرخىل شەكىلدىكى ئۈن ـ سىن ھۆججەتلىرىنى قوشالايسىز.

10- رايون: بۇ رايون بايا سۆزلەپ ئۆتكەندەك 6- رايون ئىچىدىكى تارماق بىر رايون ھېسابلىنىدۇ: كۆرۈپ تۇرۇپسىز بۇنىڭدا كۇنۇپكا، سۈرەت، تەگلىك، مۇزىكا، ئاۋاز، مائۇس بەلگىسى، ۋە سىن بەلگىلەردىن ئىبارەت بىر مۇنچە تۈرلەر بار. بۇنى بىر قوزغاتقۇچ دىسكا ياساش جەريانىدا تېخمۇ تەپسىلي سۆزلەپ ئۆتىمىز.

دېمەك بىز ھازىر دېتاللىنىڭ كۆرۈنمە يۈزى بىلەن تونۇشۇۋالدۇق. ئەمدى بىز قوزغىلىش دىسكىسى ياساشنى باشلاپ كېتەيلى.

ئۇنداقتا بىز ئاۋۋال 8- رايونغا كۇنۇپكا ۋە ئارقا تەگلىك ئورنىتىۋالايلى. ( مەن ئارقا تەگلىك ۋە كۇنۇپكىلارنى چىقىرىپ بولغانىدىم، سىزمۇ ئۆزىڭىز ياقتۇرغان كۇنۇپكا ۋە تەگلىكنى ياساپ چىقىرىۋالسىڭىز بولىدۇ.) تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:




ئەكرمەكچى بولغان رەسىمنى 11-رايوندىكى دەك تەڭشەپ ئاندىن ئەكرىسى : يەنى سىز ئاۋۋال تەگلىك دېگەن تۈردىن رەسىمدە كۆرسىتىلگەن 3 ـ تۈرنى تاللايسى . ئاندىن كېيىن سۈرەت دېگەن تۈردىن ئەكرمەكچى بولغان رەسىمنى ئەكرىسڭىز رەسىم تەگلىكتەكۆرۈنىدۇ ، مۇشۇ يەنى تەڭشىمىسىڭىز رەسىم كۆرۈنمەيدە . شۇڭا سىز مۇشۇ يەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭىز كېرە . ئەگەر رەسىم ئەكرمەي رەڭ بېرىپلا ئىشلىمەكچى بولسىڭىز ، ئەسلى ھالىتى بويىچە ئۆزگەرتمەي ئۈستىدىكى رەڭ دېگەن تۈردىن رەڭنى ئۆزگەرتىپ تەڭشەش ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ . بۇلارنى ئۆزىڭىز سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ .

تەگلىك ۋە كۇنۇپكا ئۇرۇنلاشتۇرغاندىكى كۆرۈنۈش تۆۋەندىكىدەك:




يۇقىرىدىكى مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ئۆزىڭىز ياسىغان رەسىمنى تەگلىككە ئورۇنلاشتۇرسىڭىز مانا سىز كۆرگەندەك بولىدۇ، 12 ـ رايوندىن دىسكا قوزغالغاندا قوزغىلىش پىروگراممىسىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالىسىز. ئاندىن كېيىن سىن بەلگە ۋە دىسكا قوزغىلىشتىن بۇرۇنقى كىچىك سۈرەتنى قوشۇش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ. ئۇنى «تەھرىرلەش (编辑) تۈرى (项目选项) تاللاش ›› نى بېسىپ ھەرقايسى تەڭشەكلەرنى ئۆزۈڭلار خالىغانچە تەڭشىسەڭلار بولىدۇ، تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:

سىز ئاشۇ كۆرۈنگەن ئۆزىڭىز ياقتۇرغان سىن بەلگە ، چېكىلگەن ئىسترېلكا .. ۋە ئۇنىڭدىن 14 ـ رايوندىكى قوزغىلىش بولىدۇ ، بۇنى ئۆزىڭىز ساناپ ھەل





13 ـ رايوندىكى تەڭشەكلەردىن مائۇس ئىسترېلكىس ، باشقا تۆۋەندىكى رەسىمنى تاللاپ ئەكىرسىڭىز قىلالايسىز .

مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۇ يەردىكى بەلگە قويۇلغان جايلارنى چوقۇم تاللاڭ، شۇندىلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاخىرلىشى كۆزنىكى ، قوزغىلىش، دېگەنلەرنى تەپسىلي سۆزلىمەيمەن ، ئۆزىڭىز سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ، خەت شەكلى دېگەننى تەپسىلي سۆزلەيمەن.




ئۇنداقتا بىز كۇنۇپكىلارنى رەتلەپ ۋە كۇنۇپكىلارغا دىسكا ئىچىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئىسمىنى قويۇپ چىقايلى. (مەن ئۆزۈم رەتلەپ چىققانى كۆرستىپ ئۆتەي، سىزمۇ ئۆزىڭىز ياقتۇرغاننى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسىڭىز بولىدۇ ).



مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۇ پەقەت سىناق، مەن پەقەت مىسال قىلىپ كۆرسەتتىم، قالغىنىنى ئۆزىڭىز سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ.] بۇ دېتال يۇنىكودنى قوللىمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچ ئىشلەتسىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، مەسىلەن: خىيال، ئىلكىيۇرت ... دېگەندەك، مەن خىيال كىرگۈزگۈچنى ئىشلەتتىم ]


دېمەك ئەمدى خەت نۇسخىسىنى تەڭشەش ۋە كۇنۇپكىلارغا ئۇيغۇرچە خەتنى قانداق تونۇتۇش مۇۋاپىق بېزەش ئىشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتەي: ئالدى بىلەن سىز كۇنۇپكىدىن بىرنى چېقىرتىۋېلىپ ئاندىن كېيىن كۇنۇپكىغا دېتال ئىسمىنى يازسىز تۆۋەندىكىدەك:




رەسىمدىكى 15 ـ رايونغا سىز ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچتىن پايدىلىنىپ يازغان دېتال نامىنى چاپلايسىز، چاپلىسىڭىز 15ـ رايۇندىكىدەك قالايمىقان خەتلەر چىقىدۇ، سىز 16ـ رايوندىن خەت شەكلىنى ۋە رەڭگىنى، چوڭ ـ كىچىكلىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەيسىز. ئاندىن كېيىن 17 ـ رايوندا سىز يازغان خەت نورمال كۆرۈنىدۇ. باشقا كۇنۇپكىلارمۇ ئوخشاش. ئەمدى بىز كۇنۇپكىلارنى ۋە خەت شەكلىنى ئۆگىنىۋالدۇق، ئەمدىكى مەسىلە: ئاشۇ دېتالغا كۇنۇپكىنى قانداق ئۇلاش ۋە خەت شەكلىنى باشقا كومپيۇتېردا نورمال كۆرستىش. [بەلكىم باشقا كومپيۇتېردا سىز ئىشلەتكەن خەت نۇسخىسى

بولماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا مۇشۇ ئەگ مۇھىم ]. ئۇلارنى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك تەڭشىسىڭىز ئۇ ئىشلارمۇ ھەل بولىدۇ.

سىز يەنە «تەھرىرلەش (编辑)çتۈر تاللاش(项目选项) » نى بېسىپ ئۇنىڭدىن خەت شەكلى دېگەننى تاللاڭ، تاللىسىڭىز سىز ئىشلەتكەن خەت شەكلى ئاشۇ يەردە بار، ئۇنى مۇنداق تەڭشىسىڭىز بولىدۇ.





18 ـ رايونداا ئىشلەتكەن خەت نۇسخىسى يەردىن 19ـرايوندىكى 20ـرايونغا يۆتكەيسى . ئاندىن كېيىن كۆنۈپكىسنى باسسىڭىز سىز بولغاندىتاللارر بار دېگەن بىر مۇندەرىجە پەيدا دەل سىز ئىشلەتكەن خەت دىسكىنى باشقا ئاچسىڭىز ئۇنىڭكومپيۇتېرداا بولمىسمۇ دىسكىڭىز دىكى دېگەن گە . ئەمدى ئەڭ كۆرستىلگەندەك سىز ئاشۇ يەرگە كىرىد ، سىز ئۇ كۆنۈپكىنى ئىشقا سېلىپ تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدە : سىزجەزملەشتۈرۈشش دىسكىغا ئۇيماقچى مۇندەرىجە ئىچىگە FontData بولىد . ئۇ مۇندەرىجە ئىچىدە نۇسخىسى با ، دېمەك سىز بۇ دوستىڭىزنىڭ كومپيۇتېرىدا ئاشۇ خەت نۇسخىسى خەتلەر نورمالكۆرۈنىدۇ مۇھىم ۋە ئاچقۇچلۇق مەسىلە قالد ، ئۇ بولسىمۇ كۇنۇپكىلارغادىپتاللارنى ئۇلا ، بۇ ئىشلارمۇ تەس ئەمە ، ئەمسە بىز شۇ مەشغۇلاتلارنى قىلىپ كۆرەيل ، چارچاپ قالدىڭىز ھە بۇ دەرىسلىكنى كۆرۈۋېرىپ ئۇنداقتا سىزنىڭكومپيۇتېرىڭىزدااا تور بولسا بىردەم دوستلىرىڭىز بىلەن مۇڭداشقۇدەك پاراڭلىشىڭ ياكى بىردەم كاللىڭىزنى ئارام ئالدۇرغاچ تور بېكەتلەرنى زىيارەت قىلىپ ناخشا ئاڭلا . دۇامىنى سەل تۇرۇپ كۆرۈ . كۆزلىرىڭىزمۇ بۇ كىتابقا قاراپ تېلىپ قالغاند ؟ ......................

قانداق ئەمدى سەل يېنىكلەپ قالدىڭىزمۇ؟ قايسى ناخشىنى ئاڭلىدىڭىز؟ قايسى تور بېكەتلەرنى زىيارەت قىلدىڭىز؟ قايسى دوستىڭىز بىلەن پاراڭلاشتىڭىز؟ مۇشۇ ئىشلارغا قانچىلىك ۋاقىت كەتتى. مېنىڭچە كەم دېگەندىمۇ يېرىم سائەتلەردىن كۆپ ۋاقىت كەتتىغۇ دەيمەن. دېمەك سىز بۇ يېرىم سائەتنى ئەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدىڭىز، بۇغۇ بىر ئارام ئېلىش ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا چوقۇم ۋاقتىڭىز بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، شۇڭا سىزمۇ ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماي بىلگىنىڭىزنى كەڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن ئايىماي، بىلمىگىنىڭىزنى


سوراپ تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىڭ. گېپىم خاتا ئەمەستۇ. شۇنداق قىلىشنى ئويلىسىڭىز. ئۇيغۇر تەرجىمە فىلىم ئىشلىرىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇپ قويۇڭ.... بەك جىق گەپ قىلىۋەتتىم ھە! ... كەچۈرۈڭ جۇمۇ، ئەمسە بىز ئەسلى ئىشىمىزغا كېلەيلى.

بىز باياتىن 7 ـ 12 ـ 15 ـ رايوندىكى رەسىملەرنى بىرمۇ بىر كۆرۈپ ئۆتتۇق، ئۇنداقتا سىز شۇ رەسىملەرنىڭ يېنىدىكى ھەرىكەت (动作) دېگەن خەتكە دىققەت قىلمىدىڭىزغۇدەيمەن. مانا بىز دەل شۇ تۆردىن كۇنۇپكىلارغا ھەرخىل بۇيرۇقلارنى ئۇلايمىز. يەنى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:



مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئاۋۋال سىز بىر كۇنۇپكىنى تاللاڭ، ئاندىن21 ـ رايونغا ئۆتۈپ ئاندىن 22 ـ رايوندىكى ھەرىكەت تىپلىرىنى ئۆزىڭىز ماس كەلگەن بويىچە تاللاپ 23ـ رايوندىكى كۆزنەكلەر بويىچە مەشغۇلات قىلسىڭىز بولىدۇ. 22ـ رايون ئىچىدە نۇغۇن تۈرلەر بار، يەنى پروگرامما ئىجرا قىلىش، مۇندەرىجە ئېچىش، تور بەت ئېچىش، رەسىم كۆرسىتىش، ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانما ئېچىش، بەت ئاتلاش، كىچىكلىتىش، دىسكىنى كۆرۈش،

چېكىنىش ....... دېگەندەك بىر مۇنچە تۇرلەر بار. يەنى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:




24- رايوننى كۆردىكىز ئەمدى ئۆزىڭىز سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ.

ئاندىن كېيىن سىز مائۇسنى باسقاندا ۋە كۇنۇپكىغا يېقىن ئەكەلگەندە، چىقىدىغان ئاۋاز ۋە رەڭلەرنى ئۆزىڭىز مۇۋاپىق تەڭشىۋالسىڭىز بولىدۇ، ئۇسۇلى مۇنداق:

خاماتېرىياللار ئامبىرى (素材库) دىن ئاۋاز ئۈنۈمى (音效) گە كىرىپ قارىسىڭىز نۇرغۇن ئاۋاز ئۈنۈملىرى با . سىز

كۆڭلىڭىزگە ياققان ئاۋاز ئۈنۈمىنى تاللاپ ئاندىن مائۇسنى قوش




چەكسىڭىز ياندىكى رەسىمدىكىدەك كۆرۈنۈش چىقىدۇ :

سىز ئۈنىڭدىن مائۇسنى يۆتكىگەندە چىقىدىغان ۋە باسقاندا

چىقىدىغان مۇزىكىلارنى ئايرىم ئايرىم تەڭشىۋالسىڭىز بولىدۇ. دېمەك بۇ مۇ ھەل بولدى.

دېمەك سىز كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئاپتوماتىك قوزغىلىدىغان دىسكا ياسىۋالدىڭىز دېگەن گەپ....

ۋاقىت مۇناسىۋىتى ۋە باشقاسەۋەبلەرر بىلەندەرسلىكك مۇشۇ يەردە توگىدى ، ئەسلى تېخىمۇ كېڭەيتىپ تەپسىلىي سۆزلىسەم بولاتتى . بىراق ...............



يەنە بىر نۇقتا قالدى، بۇنى دوستلارنىڭ ئۆزى سىناپ باقسا دېگەن ئۇمۇددە. يەنى ماۋۇ رەسىمدىكى قورال – سايمانلار نىڭ ھېچقايسىسىنى مەن بۇ دەرسلىكتە ئىشلەتمىدىم، چۈنكى بۇلارنى دوستلار ئۆزى قىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ھەم بۇنى سۆزلەشكە مۇۋاپىق ۋاقىت چىقمىدى. بۇ تۈرلەرنى ئايرىم – ئايرىم مۇھىم رولى بار سىز ئۆزىڭىز سىناپ بېقىڭ.

قالغان بىلمىگەن ۋە چۈشەنمىگەن يەرلەر بولسا سورىساڭلار بولىدۇ. بۇ دېتالنىڭ ئىشلىتىشچانلىق جىق ئىقتىدارى كۆپ بولغاچقا بەزى يەرلەردە ئېزىپ كېتىپ ئالماشتۇرۇپ سۆزلەپ قويغان بولۇشىم مۇمكىن، دوستلارنىڭ ئەيىبكە بۇيرىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

ئاخىرىدا دوستلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ مۇرات مەقسەتلىرىڭلارغا يەتكۈزگەي ......................................

يەنە سۆزلەيدىغان يەرلىرى كۆپ ئىدى، ۋاقىت قىس مۇشىنچىلىك سۆزلەپ تۇردۇم. قالغان يەرلەر ئۆزۈڭلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. مەسىلەن: بەت قوشۇش، بەتنى يۆتكەش ...... جىق ئەمەس ئاز بىر قىسىم يەرلىرى قالدى. ھەپىلىشىپ باقساڭلار ھەممۇ قىلىپ كېتەلىسىلەر. بەك ھەل قىلالمىساڭلار ھەل قىلالمىغان جايلارنى دەپ ئۇچۇر قىلساڭلار مەن ۋاقىت چىقىرىپ يەنە قىسقا دەرسلىك قىلىپ بەرسەممۇ بولىدۇ. ئەمما كۆندىزى مۇكىداشقۇدا دەپ بېرىشكە قۇلايسىز .. كەچۈرۈڭلار .........................................

تۈزگۈچى: ئىنتىل سەيناسىدىن كۆلكە 0997

# ISOهۆججەتنى ياساش ۋە ئېچىش يۇمشاق دېتالى UltraISO

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم ئەزىز دوستلار

بىز ئادەتتە توردىن دېتال ۋە ھەرخىل ماتېرىياللارنى چۈشۈرگەندە كۆپىنچە ھالدا كېڭەيتىلگەن ھۆججەت شەكلى ISO بولغان ھۆججەتلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق چاغدا ئەگەر كومپيۇتېرىمىزدا ئاشۇ خىلدىكى ھۆججەتلەرنى ئېچىش قورالى بولمىسا بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرىدۇ. تۆۋەندە مەن مۇشۇ خىلدىكى ھۆججەتلەرنى ئېچىش، تەھرىرلەش ۋە ھەرخىل ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

UltraISO بۇ دېتالنى بەلكىم نۇرغۇن دوستلار بىلىشى مۇمكىن، يەنە بەزى بىلمەيدىغان (ئىشلىتىشنى) دوستلارمۇ بولۇشى مۇمكىن، بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق ISO ھۆججەتنى ياساش، ئېچىش ۋە دىسكىغا ئۆيۈش دېتالى

بۇ دېتالنىڭ دىسكىغا ئۆزى ھاسىل قىلغان ئاشۇ ھۆججەتنى ئۆيۈشتىن باشقا يەنە ئاشۇ شەكىلدىكى ھۆججەتنى خۇددى ئوپتىك دىسكىدا كۆرگەندە تەپسىلىي كۆرۈش ئىقتىدارىمۇ بار. (مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا ئىقتىدارى)

ئۇنداق مەن بۇ دېتالنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ چىقاي:

| كېڭەيتىلگەن ھۆججەت شەكلى | ئىشلىتىدىغان دېتال | نامى | № |
|---|---|---|---|
| ISO | UltraISO, WinIso, Nero | ئۆلچەملىكISOھۆججەتى | 1. |
| ISZ | UltraISO, WinIso | پرېسلانغانISOھۆججەتى | 2. |
| BIN | UltraISO, Alcohol 120%, Nero | BIN ھۆججەتى | 3. |
| Nrg | UltraISO, Alcohol 120% , Nero | Nero ھۆججەتى | 4. |
| MDF, MDS | Alcohol 120% | Alcohol ھۆججەتى | 5. |
| IMG, CCD, SUB | UltraISO, Alcohol 120%, CloneCD | CloneCD ھۆججەتى | 6. |


ئىشلىتىدىغان دېتال: كېڭەيتىلگەن نامىغا ئاساسەن تاللاپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. ئىشلىتىدىغان دېتاللار دېگەن رامكا ئىچىدىكى دېتاللارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا ھاسىل قىلالايدىغان دېتاللار.

كېڭەيتىلگەن ھۆججەت نامى: بۇ خىلدىكى ھۆججەتلەرنى مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا ئارقىلىق ئاچقىلى بولىدۇ.

ئاۋۇ جەدۋەلدىكى 6 خىل دېتالنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ھۆججەت شەكلى بار. ھازىر بۇ يەردە سۆزلىمەكچى بولغىنىم ئاشۇ دېتاللار ئىچىدىكى پەقەت بىرسىلا:UltraISO


## 1ـ ISO هۆججىتى ياساش

سىز دېتالنى قاچىلىغاندىن كېيىن دېتالنى قوزغاتسىڭىز مۇنداق بىر كۆرۈنمە يۈزگە ئېرىشىسىز:





مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز. رەسىمدىكى 1ـ رايون تىزىملىك رايونى، 2 – رايونى سىز ھۆججەت ياسىماقچى بولغان ھۆججەتلەرنىڭ مۇندەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان رايون. 3 – رايون سىز ياسىغان ھۆججەت تۇرىدىغان (بارلىق ھۆججەتنى كۆرىدىغان) رايون. 4 – رايونى سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزدىكى بارلىق دىسكىلارنى كۆرۈش رايونى. 5 – رايونى سىز كومپيۇتېرىڭىزدىكى ياسىماقچى بولغان دىسكا ياكى مۇندەرىجە ئىچىدىكى مەزمۇننى كۆرۈش رايونى.


سىز كومپيۇتېرىڭىزدىكى بىر مۇندەرىجىنى چەكسىڭىز تۆۋەندىكىدەك رەسىم چىقىدۇ:



سىز ئۆزىڭىز ياساماقچى بولغان ياكى دىسكىغا ئويماقچى بولغان مۆندەرىجىنى تاللىسىڭىز ئاۋۇ رەسىمدىكىدەك مۆندەرىجە ئىچىدىكى بارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي كۆرۈنىدۇ، سىز ئۇنىڭ ھەممىنى تاللىۋېلىپ ئاندىن ئۈستىدىكى (3- رايونغا) يۆتكەپ قويسىڭىز بولىدۇ. تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:




مانا كۆرۈپسىز ئەمدى سىز بۇنى ساقلىنىڭ ، سىز باشقىچە شەكىل ئۇمۇ بولىدۇ . يەنى ساقلاشنى شەكىلدە ساقلىماقچى بولغان كۆرسىتىلگەن شەكىللەردىن رەسىمدىكىدەك:




ساقلىسىڭىز ISO ھالەتتە بويىچە ساقلايمەن دېسىڭىز بىسىپ ئۆزىڭىز قانداق بولسىڭىز بايىقى جەدۋەلدە بىرنى تاللىسىڭىز بولىدۇ

ئاندىن كىيىن ھۆججەتنى ساقلاشنى باشلايدۇ. دېمەك

سىز بىر ISO ھۆججىتى ياساپ بولدىڭىز دېگەن گەپ. سىز توردىن چۈشۈرگەن ISO ھۆججەتنىمۇ مانا مۇشۇنداق دېتاللار بىلەن ياسىغان. ئەمدى بىز تۆۋەندە ياسىغان ئاشۇ ISO ھۆججەتنى ئېچىپ كۆرۈش ۋە مۇشۇ دېتال بىلەن دىسكىغا ئۆيۈش

ئۆسۈلنى كۆرۈپ ئۆتەيلى ( Neroۋە باشقا دىسكا ئۆيۈش دېتاللىرى بولمىغان شارائىتتا)

## 2 ـ ISOھۆججىتىنى دىسكىغا ئۆيۈش

سىز ئاشۇ ISO ھۆججەتنى UltraISO دېتالى ئارقىلىق ئېچىپ تىزىملىك رامكىسىغا قارىسىڭىز  مۇنداق بىر بەلگە بار سىز شۇنى باسسىڭىز مۇنداق كۆزنەك كۆرۈنىدۇ .




سىز بۇ كۆزنەكتىن ئويغۇچنى ۋە ئۆيۈش سۈرئىتىنى .. تەڭشەپ ئاندىن ئۆيۈش كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز ئاشۇ ISO ھۆججەتنى باشقا مەخسۇس دېتال ئۆيۈش دېتاللىرنى ئىشلەتمەيلا ئۆيۈۋالالايسىز.

دېمەك بۇ ئۇسۇلمۇ تۆگدى، ئەمدى سىز ئاۋۋال ئاشۇ ISO ھۆججەتنىڭ ئىچىدىكى ماتېرىياللارنى تەپسىلي كۆرۈپ ئاندىن ئۆيماقچى بولسىڭىز چۇ؟ بۇ مۇ ئاسان، مۇشۇ دېتالنىڭ مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا قوزغاتقۇچىسى ئارقىلىق بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز.

## 3 ـ ISO ھۆججىتىنى كۆرۈش

سىز تاللاش (选项) تىزىملىكىدىن سەپلەش (配置) نى چەكسىڭىز تۆۋەندىكىدەك كۆرۈنۈش چىقىدۇ.


بۇنىڭدىن سىز مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا () تۈرىنى تاللاپ (ئەگەر مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا بار بولسا تەڭشىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، يوق بولسا تەڭشەيسىز) ئۈسكۈنە سانى دېگەن تۈرنى 1 قىلىپ قويسىڭىز بىر دانە مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا قوزغاتقۇچ پەيدا بولىدۇ . (1 ئەمەس بىر قانچىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ)




ئاندىن سىز ئاشۇ ISO ھۆججەتنى ئاشۇ مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا قوزغاتقۇچىنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چېكىپ ياكى ISO ھۆججەتنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چېكىپ ئەكىرسىڭىز بولىدۇ. ئەكىرىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك:

ئاندىن بۇ سىز

يەردىن





رەسمدىكىدەك ئەكرىش دىگەننى بىسىپ ISO ھۆججەتنى ئەكرىسگىز بولىدۇ . ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ISO ھۆججەتنىڭ ئۈستىدە

كۇنۇپكىسىنى بىسىپ ئەكرىش ئۇسۇل :

رەسمدىكىدەك ئەكرىسگىزمۇ بولىدۇ ،

بۇلارنى تەپسىلىي دىمىسەمۇ بولىدىغۇ

دەيمە .




دىمەك دەرسىمىز ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ يەردە توگىدى. ئەمما بۇ دىتالنىڭ يەنە نۇرغۇن يەرلىرى بار ئىدى، مەسىلەن: يۇقىرىدىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھەممە شەكىلنى ئۆز ئارا بىر بىرىگە ئايلاندۇرۇش ..... دىگەندەك.

ئىنتىل سەيناسىدىن كۆلكە 0997

# مەخسۇس Office بۇلۇڭى

## [ياردەم]word تا قوش يۈزلۈك بېسىش

يوللىغۇچى: leptop

مەندە 100 بەتتىن ئاشىدىغان بىر Word ھۆججىتى بار ئىدى. ھازىر ئۈنى پرىنتېردا A4 قەغەزنىڭ ئالدى كەينىگە بېسىپ چىقارماقچى ئىدىم. ھەممىگە بىرلا بېسىش بۇيرۇقى بەرسەم، قەغەزنىڭ ئالدى تەرىپىگە بېسىپ كەينى تەرىپىگە باسمىغاچقا قەغەز ئىسراپچىلىقى بولىدىكەن. بىر بەت- بىر بەتتىن بېسىش بۇيرۇقى بەرسەم بەك ئاۋارىچىلىك ئىكەن. سورىماقچى بولغىنىم ئاۋۋال تاق بەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قەغەزنىڭ ئالدى تەرىپىگە بېسىپ چىقىرىپ بولۇپ تاق بەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن جۈپ بەتلىرىنى قەغەزنىڭ ئارقا تەرىپىگە بىراقلا بېسىپ چىقىرىشنىڭ قانداق ياخشى ئامالى بار؟

ablikim123 نىڭ ئىنكاسى


سىز بېسىش بۇيرۇغىنى بەرگەندە تىزىملىك قۇرنىڭ ھۆججەت دىگەن تۈرىدىكى بېسىش دىگەن تۈرنى چەكسىڭىز بىر كۆزنەك چىقىدۇ، شۇ كۆزنەكنىڭ سول تەرەپ ئاستىدىراق بېسىش دىگەن بىر تاللاش تۈرى بار، شۇنىڭ تاللاش تۈرىدە ئادەتتە دائىرە ئىچىدىكى ھەممە بەت دىگەن تاللاقلىق بولىدۇ، سىزنىڭ شۇنى چەكسىڭىز يانا تاق بەتلەر، جۈپ بەتلەر دىگەن تۈر بار، سىز ئالدى بىلەن تاق بەتلەر دىگەننى تاللاپ جەزملەش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، بارلىق تاق بەتلەرنى بېسىۋېلىڭ، ئاندىن بېسىپ چىقىرىپ بولغان بەتلەرنى رەتلەپ 1 - بەتنى ئەڭ ئالدىغا تىزىپ پرىنتېرغا يەنە سېلىپ، ھۆججەت دىگەن تىزىملىك

تۆردىكى ئۇرۇپ چىقىرىش دېگەننى تاللاپ، يۇقىرىقى ئۇرۇندىن جۈپ بەتلەر دېگەننى تاللاپ قويۇپ جەزملەش كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ.

دىققەت: سىز قايسى خىلدىكى پرىنتېرنى ئىشلىتىۋاتىسىز بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، شۇڭا بىرىنچى قېتىم ئۇرۇپ چىقارغان بەتلەرنى رەتلىگەندە ئۆز ئەمەلىيىتىڭىزگە ئاساسەن ئىش كۆرسىڭىز بولىدۇ.

يۇلغۇنجاننىڭ ئىنكاسى

文件 دىن 页面设置 دىن 页边距 دىن 对称页边距 نى تاللىۋېتىڭ




插入 دىن 页码 دىن 位置 دىكى 页面纵向中心 نى تاللاڭ.






格式 دىن مۇۋاپىق فورماتنى تاللاڭ.




كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولمىسا 位置 ۋە 对齐方式 لاردىن تەڭشىۋالسىڭىز بولىدۇ.

# [ياردەم]كىملىكنى تېپپ چىقىش

يوللىغۇچى: ئارۇن

سالام دوستلار مەن بۈگۈن مۇنداق بىر ئىشقا يولۇقتۇم، Excelجەدۋەلدە 500ئادەمنىڭ كىملىك نومۇرى رەتلىك يېزىقلىق يەنە بىر Excelجەدۋەلدە 501ئادەمنىڭ كىملىك نومۇرى يېزىقلىق بۇ ئىككى جەدۋەلدىكى كىملىك نومۇرلىرى ئوخشاش، پەقەت 1ئادەمنىڭ كىملىك نومۇرى ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئىككى جەدۋەلنى قاندا قىلىپ ئۇزۇـئارا ئانالىز قىلىپ 1 ئادەمنىڭ كىملىكنى تېپپ چىقىمىز؟

ئىنكاسچى: يۇلغۇنجان

يېڭى ھۆججەت قۇرۇڭ 1ـ جەدۋەلدىكى نومۇرنى A قاتارغا چاپلاڭ، تەرتىپلەڭ. يەنە يېڭى ھۆججەت قۇرۇڭ 1ـ جەدۋەلدىكى نومۇرنى A قاتارغا چاپلاڭ تەرتىپلەڭ. ئاندىن 2ـ ھۆججەتتىكىنى 1ـ ھۆججەتنىڭ B قاتارىغا چاپلاڭ. (ئاددىي تەسىرەك ئۇسۇل)

ياكى ئىككىلىسىنى بىر جەدۋەلنىڭ 2 قاتارىغا چاپلاپ 筛选 ياكى 高级筛选 نى قوللىنىڭ.

بۇ فورمىلانى ئىشلىتىڭ( فورمالىنى كىرگۈزۈپ بولۇپ فورمىلانى تاللاپ Ctrl+Shift+Enter نى بېسىڭ)

=VLOOKUP(A2&"sheet1", IF({1,0},总表!$A$2:$A$11&总表!$B$2:$B$11,总表!$D$2:$D$11),2,)

ياكى =VLOOKUP(A2&ZZ, IF({1,0},总表!$A$2:$A$30&总表!$B$2:$B$30,总表!$D$2:$D$30),2,)

ياكى =VLOOKUP(A2&ZZ, IF({1,0},总表!$A$2:$A$30&总表!$B$2:$B$30,总表!$D$2:$D$30),2,)

نەتىجىسىنى قالدۇرۇڭ

ئىنكاسچى: ئارۇن

مۇنداق قىلدىم، ئىككى خىل جەدۋەلدىكى كىملىك نومۇرنى A1قاتارغا ۋە B1قاتارغا چاپلاپ ئاندىن سانلىق مەلۇمات(数据) دىن تاسقاپ تاللاش(筛选) دىن ئاپتوماتىك ئىلغاش(自动筛选) نى باستىم، ئاندىن جەدۋەل تاللاش ھالىتىگە ئۆتتى ئاخىردا B1دىكى ئۈچ بۇلۇڭ سىيرىلما تىزىملىكنى بېسىپ بىرىنچى تۈرنى يەنى ئۆرلەش تەرتىپى بويىۇنچە تىزىش(升序排列) نى باستىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ 501كىملىك نومۇرغا ئايرىلىشىپ قالغان 1 دانە كىملىك نومۇرى يېتىم قالدى.

# [ھۈنەر] Word تا بەت يۈزىنى قۇلۇپلاش

يوللىغۇچى: شەيخ

مەن تۈيۈقسىز excel دە مەلۇم رايوننى ياكى پۈتۈن بەتنى قۇلۇپلىغىلى بولغاندىن كېيىن Word دىمۇ قۇلۇپلىغىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، بۇ ئىقتىدارنى تېپىپ باقماقچى بولدۇم. گەرچە مەلۇم رايوننى قۇلۇپلىغىلى بولمىسىمۇ (مەن قىلالمىدىم، بەلكىم بولۇشى مۇمكىن) بەت يۈزىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرگىلى بولىدىغان بىراق ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ياكى مەلۇم ئىقتىدارلىرىنىلا كېرەككە كېلىدىغان باشقىلىرىنى كېرەككە كەلمەيدىغان قىلىپ قۇلۇپلاپ مەخپىي نومۇر سالغىلى بولىدىكەن. قېنى سىناپ كۆرۈڭلار.

工具 → 保护文档 → 格式限制设置

ئىقتىدارنى بېكىتىپ بولۇپ 3 ـ قەدەمدە ئاندىن ئۆزىڭىز تاللىماقچى بولغان

是，启动强制保护 كۆرۈندۇ نى باسسىڭىز بىر مەخپىي نومۇر كۆزنىكى .

# [ھۈنەر]

# Excel دا «ئەر» ۋە «ئايال» نى ئاپتوماتىك چىقىرىش

يوللىغۇچى: يۈلغۈنجان

بۇ تېمىنى ھازىر ئىزدەپ تاپالمىغاچ قايتا يوللاپ قويدۇم

ياردەم؛ ماڭا ياردەم قىلساڭلار بوپتىكەن 1كونۇپكىسنى باسساق ئەر تاللانسا،2كونۇپكىسنى باسساق ئايال تاللانسا بولاتتى. مۇشۇنداق فورمىلا بولسا يوللاپ بەرسەڭلار بوپتىكەن

1رەقەمنى يازساق خەنزۇچە男خېتى چىقىدىغان. 2رەقىمنى يازساق女خېتى چىقىدىغان فورمىلا بارمۇ.

جاۋاب؛

مۇنداق قىلىڭ A1 گە1نى A2 گە 2 نى كىرگۈزۈڭ، B1 گە ئەر دەپ B2 گە ئايال دەپ يېزىڭ.

ئەمدى 插入 دىن 名 称 نى 定义 تاللاپ nam دەپ نام بېرىپ قوشۇپ دائىرىنى A1 دىن B2 گىچە قىلىپ بەلگىلەپ جەزملەڭ.

ئىنتىل سەيناسى ئەمدى H1 گە مۇنداق فورمۇلا كىرگۈزۈڭ

```
=IF(G1="","", VLOOKUP(G1, nam,2,1))
```

H1 نى تاللاپ H10 غىچە تولدۇرۇڭ. سىز G1 گە 1نى كىرگۈزسىڭىز H1 دە ئەر دەپ چىقىدۇ، G10 گە 2نى كىرگۈزسىڭىز H10 دە ئايال دەپ چىقىدۇ.

# Excel دا جەدۋەل لايىھىسىنى ئۆزگەرتمەي كۆچۈرۈشتىن ياردەم سورايمەن

يوللىغۇچى: anwar0903

ھۆرمەتلىك تورداشلار Excel دا جەدۋەل لايىھىسىنى ئۆزگەرتمەي، ئۆزپېتى كۆچۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىنى قانداق؟

مەن دېمەكچى بولغىنىم: Sheet1 دىكى جەدۋەلنى شۇ خىزمەت جەدۋىلىنىڭ ئۆزىگە، يەنى (ئاستىغا) جەدۋەل لايىھىسىنى ئۆزگەرتمەي كۆچۈرۈش. 复制 قىلىپ كۆچۈرسەم جەدۋەل لايىھىسى ئۆزگىرىپ كېتىپ تەڭشەشكە توغرا كەلدى.

ئەسكەرتىش: ( ئاستىدىكى مەزمۇن بويىچە چۈشەندۈرمەڭ)

Excel نىڭ خىزمەت جەدۋىلىنى بەت لايىھىسىنى ئۆزگەرتمەي كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئەگەر 复制 قىلىپ كۆچۈرسە بەت لايىھىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، بەت لايىھىسىنى ئۆزگەرتمەي ئۆز پېتى بويىچە كۆچۈرۈش ئۈچۈن مەسىلەن Sheet1نى كۆچۈرمەكچى بولساق مائۇسنى Sheet1دىگەن خەتنىڭ ئۈستىگە ئەكېلىپ مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ چىققان تىزىملىكتىن移动和复制工作表نى تاللاپ چىققان كۆزنەكنىڭ ئاستىدىكى建立副本نىڭ ئالدىغا توغرا بەلگە قويۇپ جەزملەشتۈرسەك مۇشۇ Sheet1نىڭ سانى ۋە خەتلىرى ۋە بەت شەكلىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن ئۆز ئەينى بىر نۇسخا كۆچۈرىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇلدا كۆچۈرسىمۇ ئۆز پېتى كۆچۈرۈلىدۇ. لېكىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئەسلىدىكى خىزمەت دەپتىرىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈلىدۇ. ئەگەر باشقا بىر خىزمەت جەدۋىلىگە ئۆز پېتى كۆچۈرمەكچى بولساق تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللانساق بولىدۇ.

يەنە بىر ئۇسۇل: ئالدى بىلەن كۆچۈرمەكچى خىزمەت جەدۋىلىنىڭ سول تەرەپ ئەڭ ئۈستىدىكى كاتەكچىنى ( يەنى قۇر بىلەن ستون كېسىشكەن سول تەرەپ ئەڭ ئۈستىدىكى كاتەكچە) مائوس بىلەن بىر چەكسەڭ خىزمەت جەدۋىلىنىڭ ھەممە مەزمۇنى تاللىنىدۇ، ئاندىن كۆرۈش دېگەن كۇنۇپكىنى بېسىپ، ئاندىن باشقا خىزمەت دەپتىرىنى ئېچىپ شۇنىڭ ئىچىدىكى كۆچۈرمەكچى بولغان خىزمەت دەپتىرىنىڭ سول تەرەپ ئەڭ ئۈستىدىكى كاتەكچىنى ( دىققەت بۇ كاتەكچە A1 ئەمەس بەلكى ستون بىلەن قۇر كېسىشكەن ئۇرۇن) بېسىپ، چاپلاش دېگەن كۇنۇپكىنى باسساق جەدۋەل ئۆز پېتى كۆچۈرۈلىدۇ، شۇنداقلا مۇناسىپ ئۆلانىمۇ بولسا ئەسلىدىكى خىزمەت دەپتىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۆلانىمۇ بىلەن بىردەك ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

ئىنكاسچى: ئادىل

Sheet1 نى مائۇس سولدا چېكىپ ئاندىن Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ قويۇۋەتمەي سۆرەپ يېنىغا ئەكېلىپ قويۇۋەتسىڭىز بولىدۇ

ئىنكاسچى: يۇلغۇنجان

جەدۋەلنى پۈتۈن تاللاپ كۆپەيتىپ يېڭى جەدۋەلگە 选择性粘贴 ئارقىلىق چاپلىساقچۇ؟ بەزى ئىقتىدار كەم قالسا 选择性粘贴 دىكى تۈرلەرنى تاللاپ تەكرار چاپلىساق؟

يوللىغۇچى: anwar0903

يۇلغۇنجان ئەپەندى، سىز دېگەندەك قىلسام نەتىجە يەنىلا ئوخشاش. جەدۋەل كاتەكچىسىنىڭ قۇر ئېگىزلىكىنى يەنە قايتا تەڭشەشكە توغرا كېلىدىكەن. جەدۋەل كاتەكچىسىنىڭ قۇر ئېگىزلىكىنى ئوخشاش قىلىپ كۆچۈرۈشكە بولمامدۇ؟ ئوخشاش بىر جەدىۋەلنى ئاستىغا ئوخشاش كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىپ قالغان ئىدى.

يوللىغۇچى: ablikim123

سز جەدۋەلنى قۇرلار بويۇنچە تاللاپ، كۆچۈرۈش دېگەن كۇنۇپكىنى بېسىپ، كۆچۈرمەكچى بولغان ئۇرۇندىكى قۇر نومۇرىنى تاللاپ تۇرۇپ چاپلاش دېگەننى باسسىڭىز جەدۋىلىڭىز ئۆز پېتى كۆچىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا سز دېگەن مەقسەتكە يېتەلەيسز، يەنى: بىر جەدۋەلنى شۇ جەدۋەلنى ئاستىغا ئۆز پېتى كۆچۈرەلەيسز.

ئەگەر، سز شۇ جەدۋەلنى جەدۋەلنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆز پېتى كۆچۈرمەكچى بولسىڭىز، ستون ھەپتى بويۇنچە تاللاپ، كۆچۈرۈش دېگەننى بېسىپ، كۆچۈرمەكچى بولغان ئۇرۇندىكى ستون بەلگىسىنى تاللاپ قويۇپ ( دىققەت پۈتۈن ستون تاللىنىدىغان ھالەتتە تاللايسز) چاپلاش كۇنۇپكىسنى باسسىڭىزلا بولىدى.

ئەگەر چۈشەنمىسىڭىز: qq: 376728939

يوللىغۇچى: anwar0903

ablikim123 ئەپەندى، سز كۆرسەتكەن ئۇسۇل بويىچە بولىدىكەن. كۆپ رەھمەت ...

# [ھۈنەر]word تىن كىچىككىنە مىسال

يوللىغۇچى: زېرەك بالا

word تا بىر بەتتىن يەنە بىر بەتكە چۈشۈش ئۈچۈن ئىنتىرنى كۆپ بېسىپ ئاندىن يەنە بىر بەتكە چۈشىمىز. ئەگەر بىز بىر بەتتە تۇرۇپ يەنە بىر بەتكە تېز ئاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى ئىشلەتسەك بولىدۇ. يەنى، word تا بىربەتتە تۇرۇپ ئاندىن كومپيۇتېر كۇنۇپكا تاختىسىدىن ctrl نى بېسىپ تۇرۇپ ئاندىن Enter نى باساق يەنە بىر بەتكە تېز ئاتلايدۇ.

# كىچىك بىلىملەر

## shift كۇنۇپكىسىنىڭ 10 چوڭ ئالاھىدىلىكى

يوللىغۇچى: شۇڭقار

1. سىز QQ دا پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا يوللىغان ئۇچۇرىڭىز ئاستا يوللىنىدۇ شۇنداقمۇ؟ بۇنداق ۋاقىتتا سىز shift كۇنۇپكىسى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالايسىز.

ئۇچۇر يوللاشتا shift كونۇپىسىڭىزنى بېسىپ يوللىسىڭىز قارشى تەرەپكە تېز يوللىنىدۇ.

2. كومپيۇتېرىڭىزدا تورغا چىقىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ۋىرۇس ياكى ئەخلەت توربەتلەرنىڭ تەسىردىن كۆپلىگەن كۆزنەكلەر ئېچىلىپ كېتەمدۇ؟ shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ بىرلا كۆزنەك ئارقىلىق بارلىق كۆزنەكلەرنى ئۆچۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيسىز.

3. ھەرپلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىگىنى shift كۇنۇپكىسى ئارقىلىق تەڭشەپ يېزىشقا بولىدۇ. (مېنىڭچە بۇنى خېلى كۆپلىگەن تورداشلار ئىشلىتىپ باققانغۇ دەيمەن؟)

4. كومپيۇتېرغا يېڭى بىر يۇمشاق دېتال قاچىلاپ بولغان ۋاقتىڭىزدا قايتا قوزغىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا shift كۇنۇپكىسى ئارقىلىق بۇ تاللانمىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

5. كۆپلىگەن ھۆججەتنى تاللىغان ۋاقتىڭىزدا shift ئارقىلىق بىرىنچى ھۆججەت بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ھۆججىتىڭىزنى تاللىسىڭىز بىرلا ۋاقىتتا تۈركۈم ھۆججەتلەرنى تاللاش مەقسىتىگە يېتەلەيسىز.

6. ھۆججەت ئۆچۈرگەندە shift ئارقىلىق ئۆچۈرۈلگەن ھۆججەتلەر ئەخلەت ساندۇقىغا كىرمەي بىراقلا ئۆچۈرۈلىدۇ.

7. نۇر دىسكىنى CD-Rom غا سالغاندا shift كۇنۇپكىسىنى بىرنەچچە قېتىم بېسىۋەتسىڭىز ئاپتوماتىك قويۇش ئۇسۇلىنى چەكلەشكە بولىدۇ.

8. shift+F10 بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەتكەندە مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

9. ھۆججەت ئاچقاندا shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ئاچقاندا ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى يېڭى كۆزنەكتە ئېچىلىدۇ.

10. كومپيۇتېرنى قوزغىتىپ بولۇپ shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرغاندا 启动菜单 نىڭ ئىچىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

دوستۇم سىز بۇ 10 چوڭ ئالاھىدىلىكىدىن قانچىنى ئىشلىتىپ بېقىپسىز؟

ئەسكەرتىش: ئەسەرنى باشقا مۇنبەرلەرگە يوللاشقا بولىدۇ، لېكىن ئېلىنغان مۇنبەر ئادرېسىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ!

ئىنكاسچى: ئەلئوغلى

**ئابرال:**

1. سىستېما قوزغىلىۋاتقان چاغدا Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرساق، >باشلاش-پىراگراما-قوزغاش< ئىچىدىكى

پروگراممىلارنى ئىجرا قىلمايلا قوزغىلىدۇ.

2. ئەگەر سەل كونىراپ قالغان ئوپتىك دىسكىنى ئوپتىك قوزغاتقۇچقا سالغاندا، Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرساق دىسكا ئىچىدىكى ئاپتوماتىك قوزغىلىش پروگراممىسىنى ئوقۇمايلا دىسكىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

3. بىرقانچە ھۆججەتلەرنى بىراق تاللىماقچى بولغاندا، ئالدى بىلەن بىر ھۆججەتنى تاللاپ، ئاندىن Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، يەنە بىر ھۆججەتنى تاللىساق، بۇ ئىككى ھۆججەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى باشقا ھۆججەتلەرمۇ بىراقلا تاللىنىدۇ.

4. ھۆججەتنى ئۆچۈرگەن چاغدا Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ئۆچۈرسەك، ھۆججەت بىراقلا ئۆچۈرۈلىدۇ. بولمىسا ئالدى بىلەن ئەخلەت ساندۇقىغا كىرىپ، ئاندىن ئەخلەت ساندۇقنى تازىلاش ئارقىلىق ئۆچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىۋاستە ئۆچۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى ئاۋۋال ھۆججەتنى تاللىۋېلىپ، ئاندىن Shift+del كۇنۇپكىسىنى بىراقلا بېسىشتىن ئىبارەت.

5. ئەگەر سىزنىڭ مائۇسىڭىزنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسى ئىشلىمەي قالسا، Shift+F10 كۇنۇپكىسىنى تەڭ باسسىڭىز مائۇس ئوڭ كۇنۇپكىسىدىكى ئىسلىما تىزىملىك كۆرۈنىدۇ.

6. ئادەتتە تور زىيارەت قىلغۇچتا، يېڭى بىر بەتنى يېڭى بىر كۆزنەكتە كۆرسەتمەكچى بولساق، Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئۇلانمىنى چەكسەك، ئاشۇ ئۇلانمىدىكى بەت يېڭى بىر كۆزنەكتە ئېچىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى يەنە مېنىڭ كومپيۇتېرىم ئىچىدە قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. يەنى Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، خالىغان دىسكا نامى ياكى

**مۆندەرىجىنى ئىككى چەكسەك**

**يىغى بىر كۆزنەك ئېچىلىدۇ.**

**7. ئادەتتە سىستېمىنىڭ مىكروسوفت پىنيىن ئۇسۇلى بىلەن خەت كىرگۈزۈش ھالىتىدە Shift كۇنۇپكىسىنى بىر باسساق**

**ئىنگلىزچە كىرگۈزۈش ھالىتىگە، يەنە بىر باسساق خەنزۇچە كىرگۈزۈش ھالىتىگە ئۆتىدۇ.**

| | |
|---|---|
| مەلۇم بىر تورنى تاللاپ سۆرىگەندە Shift + Ctrl كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېلىش | تاللىغان شۇ تورنىڭ تېز قوزغىتىش كۇنۇپكىسىنى قۇرۇش |
| +Shiftخالىغان بىر ئىستىرېلكا كۇنۇپكىسى | ئېكران ياكى كۆزنەك يۈزىدە كۆپ تورنى تاللاش ياكى ھۆججەت ئىچىدىكى مەزمۇننى تاللاش |
| ئوڭ تەرەپتىكى Shift كۇنۇپكىسىنى سېكۇنتت بېسىپ تۇرۇش | «ئىلغاش» كۇنۇپكىسىنى ئېچىش، تاقاشنى ئالماشتۇرۇش |
| Shift كۇنۇپكىسىنى 5 قېتىم بېسىش | «يېپىشتۇرۇش كۇنۇپكىسى» نى ئېچىش، تاقاشنى ئالماشتۇرۇش |
| سول تەرەپتىكى Alt + سول تەرەپتىكىShift + Print Screen | «يۇقىرى سېلىشتۇرۇش دەرىجىسى» نى ئېچىش، تاقاشنى ئالماشتۇرۇش |
| سول تەرەپتىكى Alt + سول تەرەپتىكىShift + ۋە Num Lock | «مائۇس كۇنۇپكىسى»نى ئېچىش، تاقاشنى ئالماشتۇرۇش |

# XP نىڭ خاسلىقدىكى OEM ئۇچۇرىنى ئۆزگەرتىش

يوللىغۇچى: كۈلكە0997

سىز كومپيۇتېرىڭىزنىڭ خاسلىقنى ئۆزىڭىز خالىغانچە ئۆزگەرتۋېلىشنى ئويلامسىز؟ ئۇنداقتا دەرھال تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات قىلىڭ.

ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى ھالەت مۇنداق بولىدۇ.




ئۇنداقتا بىز ئىشنى باشلايلى:

1ـ قەدەم:

سىز ئاۋۋال \C:\windows\system32 نىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكى 2 خىل ھۆججەتنى تېپىڭ.

OEMINFO. INI
OEMLOGO. BMP

تاپقاندىن كېيىن بۇ ھۆججەتلەرنى باشقا بىر مۇندەرىجىگە زاپاسلىۋېلىڭ.

2 ـ قەدەم:

سىستېما خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش


ئەمدى سىز C:\windows\system32 نىڭ ئىچىدە تۇرۇپ OEMINFO. INI بۇ ھۆججەتنى ئېچىڭ. ئاندىن تۆۋەندىكى رەسىمدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆزىڭىز خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ساقلاڭ. كېيىنكى رەسىمدىكىدەك ئۆزگەرتسىڭىز بولىدۇ.

ئەسلى رەسىم:


oeminfo_bak - 记事本
文件(F) 编辑(E) 格式(O) 查看(V) 帮助(H)

[General]
Manufacturer=猪猪猫.cn电脑城装机版10.1标准版
Model=支持酷睿2CPU和SATA2硬盘
[Support Information]
line1=猪猪猫.cn
line2=在IE浏览器里输入以下任何一个中文域名可以直接访问猪猪猫.cn:
Line3=http:// jujumao.com
line4=http://jujumao.cn
line5= http://猪猪猫.cn
line6= http:// Vista论坛.cn
line7=猪猪猫.cn所供光盘，仅限于内部研究
line8=未经批准，严禁复制，销售，修改本作品
Line9=不得用于商业用途，本站不负任何法律责任
line10=推荐使用正版软件
line11= 2007年09月

ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى رەسىم:



```
OemInfo - 记事本
文件(F) 编辑(E) 格式(O) 查看(V) 帮助(H)
[General]
Manufacturer=Kulke
Model=15909978996
[Support Information]
line1=5210701-15909978996
line2= Deris Tuzguchi Kulke0997
Line3=www.intil.cn
line4=www.bilik.cn
line5=www.orkhun.com/bbs
line6=www.uytarjima.cn
line7=
line8=2008.1.21
Line9=
line10=
line11=Line12=
Line13=
Line14=
```

بوش قالغان يەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتۋالسىڭىز بولىدۇ.

3 ـ قەدەم:

**OEM نىڭ Logo سىنى ئۆزگەرتىش**




كۆرگەندەك ئاشۇ سىزىلغان رايون ئىچىدىكى رەسىمنى دېمەكچى. دىققەت قىلىدىغان بىر ئىش بۇ رەسىمنى ياسىغاندا چوقۇم 160*120 پىكسىل بويىچە ياساش كېرەك. ھەم ساقلىغاندا« OEMLOGO. bmp» ئاشۇ نام بىلەن ساقلاش كېرەك. چوقۇم bmp ھالەتتە ساقلىنىشى ئەڭ مۇھىم. بولمىسا باشقىچە شەكىلدە ساقلىسىڭىز رەسىم كۆرۈنمەيدۇ. ئاندىن رەسىمنى يۆتكۆرگەندىن كېيىن C:\windows\system32 نىڭ ئىچىگە يۆتكەپ قويسىڭىز بولىدۇ.

# نەسرىي - شېئىرىي ئەسەرلەر

## ئات ھەققىدە مۇخەممەس (ئەھمەدشاھ قاراقاشى)

يوللىغۇچى: يۇلغۇنجان

ئەسلى يوللىغۇچى: hekemi

**ئات ھەققىدە مۇخەممەس**

***ئەھمەدشاھ قاراقاشى***

دۇئاسى بىئەدەد، خوجام، نەزەر مۇقتىمغا ئەلۋەتتە،
تەھىياتۇ سالىمىم ئانچۇنان ئاھۇ-نادامەتتە،
ۋىسال بولغاي دۇئا بىرلە سالىمىم ياخشى سائەتتە،
ياد ئەيلىدىم سىنى ھەركۇۋن سەھەرلەردە ئىبادەتتە،
سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە.

ساڭا مەن نامە يازدىم، نامۇناسىپ لاۋزىدىن ئەي يار،
بىھەمدۇللاھ، تىرىكلىكتىن نىشانە ئەيلىدىم ئىزھار،
بىلىشنى ئىستىسەڭ، مۇندا شۇۋكۇۋرىكىم، بىز ئەمەس بىمار،

تىنىك ساقمۇ بۇ كۆۋنىلەردە سېنىڭ، ئاندا نە ھالىڭ بار،
مۇشەققەتلىكمۇ سەن، يائۆتتىمۇ ئۆمرۈۋڭ پاراغەتتە؟

قېرىلىق ھالىدىن سورىسام، يېتىشتى نەچچىگە ياشىڭ،
سېنىڭ ھالا بۇ كۆۋنىلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ،
ئايال، ئۇششاقلىرىڭ ساقمۇ، يەنە قوۋمۇ قېرىنداشىڭ،
قانداقتۇر ئىشتىھايىڭ، سىڭەمدۇ ھەر ۋاق يېگەن ئاشىڭ،
تەنلىرىڭ ساق، چىرايىڭ تازىمۇ ھۆسنى مالامەتتە؟

ئاڭلىغىن، ئەي رەپىقا، سۆزنى ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن،
بايان ئەيلەيكى ھالىمنى ساڭا ئەمدى يېڭىۋاشتىن،
ئەقدەم بار ئىدى شۇنچە يېقىن تۇغقان ـ قېرىنداشتىن،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ماڭا قاتتىق ئىكەن گويا قاراتاشتىن،
كۆرۈپ مەن، بىلگىنىم يوق ئۇنى ئەينى زۆرۈرىيەتتە.

سېنى مەن دوستۇ يارىم دەپ، كۆڭۈلدە ئېتىقاد ئەتكەچ،
مۇھەببەت رىشتىسىدىن ھەر زامان كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەچ،
سۈۋپېتىڭنى قىلىپ دائىم خوتەن ئەھلىگە، ياد ئەتكەچ،
ئەۋەتتىم ساڭا ئاتمىش تەڭگىنى، ساڭا كۆپ ئىتىماد ئەتكەچ،
ئەۋەتكەي بىر ياخشى ئات دەپ، ھامان ئۆتتۈم خىيالەتتە.

پۈلۈمنى توختىتىپ بىر يىل، ئەۋەتىپسەن ماڭا بىر ئات،

ئېشەكچە يوقتۇر رەپتارى، بۇ ئاتنىڭ ھەربىر مىجەزى يات،
كى يولدا توختىۋالدى قامچا بىلەن ئۇرمىسام پات ـ پات،
كۆلا ـ ئارغامچىنى ئۈۋزدى قوزۇقنا باغلىسام قات ـ قات،
ئۇلاپ ئارغامچىنى ھاردىم، كۆۋنى قالدىم مالامەتتە.

بايان ئەيلەي يەنە بىر ـ بىر بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى، ئاڭقا،
قىڭىر قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، پۇتى مايماق، بويى لاڭقا،
بىرى تەپكەك، بىرى مۆڭگەك، بۇ ئەيىبلەر ئۇۋۇستىگە ماڭقا،
ساماندىن بەش كۆشۈك يەپ، ھەرقەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،
تۇغۇلماس ھېچ ۋىلايەت ئىچرە بىر ئات بۇ قىياپەتتە.

مىنىپ چىقسام ئېلىپ ئۇردى، يىقىلدىم، نەچچە كۆۋن ياتتىم،
قوپۇپ بەرسەم، بۇزۇپ باغنى، ھەمىشە ئەلنى قاقشاتتىم،
سۇغارغاندا قېچىپ سۆرەپ، ئاران ھارغاندا توختاتتىم،
تېگىشتىم ئۇي بىلەن بەش ـ ئالتە نۆۋەت، ئون قېتىم ساتتىم،
قىلىپ دەۋا كېلىشۋەردى، ماڭا ياندى شەرىئەتتە.

ئەگەر يولغا مىنىپ چىقسام، تۇزۇك يۇ گۇ رۇ پ چاپالمايدۇ،
ۋە يا ئۇي ھارۋىسى بىلەن باراۋەرمۇ ماڭالمايدۇ،
مۇبادا توختىۋالغاندا ئۇرۇپ قويسام چىچاڭلايدۇ،
مىنىپ تۇرغان كىشى شۇئان بىرىپ يەرنى قۇچاقلايدۇ،
خەتەرلىكتىن بۆلەك خىسلەت تېپىلماس بۇ كاساپەتتە.

ئۇرۇپ مىڭ تەستە چاپتۇرسام، سوكۇلدايدۇ ئېشەك ئوخشاش،
قورساق سانجىق بىلەن ئاغرىپ، كېتەر گويا زىڭىلداپ باش،
يەنە بىر ئەيىبى شۇدۇر چىرقىراپ سەت، يولدا تاپ توختاش،
زېرىكمەي مىنسە، بىر سائەت بېرەلمەس ھېچ كىشى بەرداش،
شەھەر-يېزا ئارا قىلغان سەپەر، سەيلە-ساياھەتتە.

ئېرىقنى كۆرسە ياندى ئارقىسغا، ئۆتمىدى ئاتلاپ،
ئەگرى يولغا كىرىپ ئالسا ئەگەر كىم، ھارمىدى قاتراپ،
غۇلاپ بويىندىن چۈشتۇم، قاترىغاننىڭ زەربىدىن چاچراپ،
ئىچىم سانجىق بىلەن تولدى، قوۋۇرغام بەنتىدىن ئاجراپ،
ساقايدىم ھەر زامان پارپى يالاپ مەجۇنى شەربەتتە.

جاھان بازارىدا ھېچكىم بۇ ئاتقا تەڭنى تاپماسلەر،
يىقىلسا گاھىدا مۇدۇرۇپ، تېپىپ-ئۇرمىسا قوپماسلەر،
زورىدىن بىر يۇگۈرسۇن دەپ ھەر نېمە قىلسا، چاپماسلەر،
سالاملاشسام، تۇرۇۋېلىپ، تاياقسىز زادى ماڭماسلەر،
ئوسال ئات كۆپ قېتىم قويدى مېنى شۇنچە خىجالەتتە.

ئېغىلنى توختىماي بۇزدى، ئىشىكنى كۆپ قېتىم چاقتى،
بوغۇپ تەخەينى ئۆلتۈردى، موزاينىڭ ھەم خۇنى ئاقتى،
قېچىپ كەتسە تۇتۇق بەرمەي، تالاي كۈن باشقىلار باقتى،

تۆلەپ ھەق ھارمىدىم مەنمۇ، ھامان ھەركىمگە خۇشياقتى،
تالاپەتتىن بۆلەكنى كۆرمىدىم، قايغۇ ـ نادامەتتە.

مېنى زاڭلىق ئېتىشتى خەلق، بۇ ئات ئەھۋالى كۆپ تارقاپ،
ئېلىپ چىقماسقا بەند قىلدىم، ئۇنى تۇۋرۇككە چىڭ باغلاپ،
قومۇردى ـ يۇلدى تۇۋرۇكنى، كېچە كىرسەم مۆڭۈپ قۇتراپ،
كاسەپەتنى ئېغىل باسقاچ توكۇر بولدى پۇتى ئاقساپ،
دېدىم مەن: ئۆلسىمۇ ئۆلسۇن، خۇدا قىلغان ئىرادەتتە.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم قانچە قېشىمغا ئات سوراپ كەلدى،
بۇ ئاتنىڭ ئەسلىي خۇي ـ پەيلى مېنى غەمگە ئوراپ كەلدى،
باھانە ئەيلىسەم نەچچە، ئۇلار يامان قاراپ كەلدى،
ئىلاجىم يوق بېرىپ تۇردۇم، مىنەلمەي ياندۇرۇپ كەلدى،
بۇ جىنىم چىققىلى تۇردى كۈنى يۈزمىڭ خىجالەتتە.

ئەۋەتكەن بۇ ئېتىڭغا ھېچ كىشى بىر يول قاراپ باقماس،
قەلەندەر بىلەن ئابدالدىن بۆلەكلەرگە غولى ياقماس،
كۆتۈرۈپ گەز بويى ھېچ ئات ساغرىنى ئۇنىڭدەك چاقماس،
كىشكىم ئات بالاسىدىن بۇنىڭدەك بېسىپ قورقماس،
ئېلىشتىم، غەم بىلەن قايغۇ بېسىپ تائەت ـ ئىبادەتتە.

قۇتۇلسام ئۇشبۇ ئاتتىن دەپ خېرىدارنى ئاختۇردۇم،

بېدىكنى ھەرقاچان كۆرسەم، چۆ چۆك تىل بىرلە يالۋۇردۇم،
قېرى ھالىم بىلەن قاتراپ ئۆيگە كۆپ مېڭىپ ھاردىم،
يېپىشلىك ھەم كۆچى بار دەپ ئۇنى مەن شۇنچە ماختىدىم،
بازاردا يەتمىدى ئالغان پۇلۇمغا بۇ سالاھەتتە.

ساتالمىدىم بۇ ئاتنى مەن، سىيلىپ ھەر ھەپتە بازارى،
بۇ ئاتنىڭ ئەپتىدىن قورقۇپ يېقىن كەلمەس خېرىدارى،
يامانلىق شۆھرىتى بولدى خوتەن بازارىدا جارى،
بىراۋ كۆرسە ئۇنى، قاچتى، ئېلىپ بارغىن دەپلا نارى،
قانداق قىلاي بۇ كۈن دوست-يار ئارا كۆپ-كۆپ مالامەتتە.

بىزار بولغاچ تولا، كۈن-تۈن يەنە بازارغا ئەپ چىقتىم،
تىلگەنگە ساتايچۇ دەپ، بۇ سۆزنى ئۆيدە دەپ چىقتىم،
يېپىپ جۇل ھەم يەنە ئوبدان ئېگەر ئۇستىگە سېپ چىقتىم،
سېتىلماي قالمىغىيدى دەپ تۇ مەن مىڭ غەمنى يەپ چىقتىم،
نادامەت ئەيلىدىم، قالدىم ئەجەب بىچاغ زەلالەتتە.

كى ئاندىن ئىككى ئاي باقتىم پىچانغا كۈنى-تۈن باغلاپ،
سىلاپ جىسمىنى ھەر كۈندە كۈنجۈت يىغدا ياغلاپ،
بوغۇزنى قاينىتىپ بەردىم، يېدى ھەر چاغ ئۆزى چاغلاپ،
بېدىكلەر ئولىشىپ يالغاننى ئېيتىپ، بەكمۇ جىق داغلاپ،
ئاخىر ساتتىم نېسىگە، بىر قەلەمدار ئالدى مۆھلەتتە.

چۇ شۇ پتۇ ر ئاسماندىن ئون تۇلۇمدا لاپ بىلەن يالغان،

بىرى ئالەمگە تارقاپ، توققۇزى مۇفتىمغىلا قالغان،

پۇ تۇن يالغان ئەمەسمۇ ئاتنى ئاتمىش تەڭگىگە ئالغان،

بۇ ئاتمىش تەڭگىدىن ئېنىقكى ئوتتۇز تەڭگىنى سالغان،

بېيىپ كەتكەن ئىكەنسەن ئەسلىدىن شۇنداق خىيانەتتە.

ئۆزۈڭ موللا بۇرەدەر، ئەجەپكى نەپسىڭىز غالىپ،

چىرىيىلك خوپ سالاپەتلىك، بىلۇرمەنكىم دىلىك قالىپ،

بولۇپدۇرسەن سەن بېرىپ ئاندا كىشىنىك ھەققىگە تالىپ،

كۇ نۇڭ ئوبدانىمدۇر، ئەي يار، مېنىك ھەققىمنى ئېپقالىپ،

كۆچۈرۈپ روزىغارىڭنى يۇ رۇ پسەنمۇ ھالاۋەتتە؟

سېنى مۇفتى دېگەن بىلەن تۇزۇك ئانچە ساۋاتىك يوق،

سېنىك ھەق بىلەن ناھەق بىلىش چاغلىق ئىمانىك يوق،

ساداقەت يارۇ دوستلارغا ئۇمىد ۋە ئېتىقادىك يوق،

قېرىنداش، ئەلگە، تۇغقانغا تېرىقچە ئىمادىك يوق،

ئىشەنگەي كىم ساڭا ئەمدى، بۇرادەر، ئۇشبۇ ھالەتتە.

نومۇس قىل خەلقلىئالەمدىن، سالامەت سەن، ئەمەس بىمار،

خىيانەتلىك قىلىپ شۇنچە، خىجىللىق ئەيلىمەك دەركار،

مېنىك ھەققىمنى يەپسەن، ئۆزگىنىك ھەققىنى يېمە زىنھار،

كىشىنىڭ ھەققىنى يەپ مىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭ بىكار،
سەئىي بىرلە كۈنى-تۈن ئۇخلىماي تۇرساڭمۇ ئىبادەتتە.

ماڭا ئۇ ئات ئۇچۇن دائىم ئۆيۈمدە كۆپ مالامەتتۇر،
يېمەك بىر ئاتتا ئوتتۇز تەڭگىنى قانداق خىيانەتتۇر،
يېقىنلاشقاچ قىيامەت، بەد دىيانەتلىك ئالامەتتۇر،
مېنىڭ قالغان پۇلۇم بىر نەچچە كۈن سەندە ئامانەتتۇر،
بېرەردۇرسەن ئۇنى تاڭلا تولۇق روزى قىيامەتتە.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇردى سامساق.

# دېھقانلار قاچان بايرام قىلىدۇ؟

يوللىغۇچى: ئۇبۇل

دېھقانلارمۇ دۆلەت بايرىمى، ئەمگەكچىلەر بايرىمىدىن باراۋەر ئاساستا بەھرىمەن بولۇشى، بايرام مەزگىلىدە ھەرقانداق ئورۇن، ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماسلىقى، دېھقانلارغا ئۆزىنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ بىر قىسمى، دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىلىشى كېرەك.

بۇ يىل دۆلەت بايرىمىنىڭ ھارپا ئاخشىمى ئۆيدىكىلەر بايراملىق دەم ئېلىش پىلانى تۈزۈۋاتاتتۇق. دادام تۇيۇقسىزلا: «مۇشۇ دېھقانلارنىڭ بايرىمى يوقكەن ـ ھە!» دېدى. بۇ گەپتىن يۈرىكىم «چىممىدە» قىلدى ...
ھازىر كالېندار بايرام، خاتىرە كۈن، تەشۋىقات كۈنى دېگەنلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بىر يىلنىڭ بىرەر ئىش خاتىرىلەنمەيدىغان كۈنى ئاساسەن قالماپتۇ. ئاياللار بايرىمى، ئەمگەكچىلەر بايرىمى، دۆلەت بايرىمى، ئارمىيە بايرىمى، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى، بالىلار

بايرىمى دېگەندەك چوڭ ـ چوڭ بايرام، خاتىرە كۈنلەردىن باشقا ھەربىر ساھەنىڭ ئۆزىگە خاس بايرام، خاتىرە كۈنلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭمۇ، ئالدامچىلارنىڭمۇ، سېمىزلەرنىڭمۇ ... بايرىمى بار ئىكەن. دەل ـ دەرەخ، ھايۋاناتلارنىڭمۇ قوغدىلىدىغان تەشۋىقات كۈنلىرى بولىدىكەن. ئەمما ھالال تەر ـ ئەمگىكى بىلەن دۇنيانى گۈللەندۈرۈۋاتقان، بىزلەرگە ئاش ـ ئوزۇق بېرىۋاتقان، بىزلەر ئۈچۈن يول ياساۋاتقان، سۇ ئامبىرى ياساۋاتقان، بىزنى كەلكۈندىن مۇداپىئە قىلىۋاتقان، بوز يەر ئېچىۋاتقان جاپاكەش دېھقانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىرەر بايرام، خاتىرە كۈن ياكى تەشۋىقات كۈنى يوق ئىكەن. ئوقۇتقۇچىلار، سېسترالار، ئەسكەرلەر، ئالدامچىلار، دەل ـ دەرەخلەر، ھايۋانلارنىڭ قەدىر ـقىممىتى مەلۇم كۈندىكى پائالىيەت ئارقىلىق ھېس قىلدۇرۇلىدىكەن. 4 ـ نۆۋەتلىك ئاخباراتچىلار بايرىمى ئۈرۈمچىدە تەبرىكلەندى. داڭلىق ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس بۇ بايرامنى تەبرىكلەش سەنئەت كېچىلىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. قىزىقى شۇكى، كەتمەن چاپىدىغان دېھقانلارنىڭ بايرىمى يوق، چاپقان كەتمەننىڭ ھوسۇلىنىلا خەۋەر قىلىدىغانلار بايرام قىلىدىكەن؛ ئالدامچىلارنىڭمۇ بايرىمى بار ئىكەنغۇ، ھەقىقىي ئەمگەكچىلەرنىڭ بايرىمى يوق ئىكەن. دېھقانلار ھېچقاچان بايرام قىلمايدىكەن. ئەجەبا، دېھقانلار بايرام قىلىشقا لايىق ئەمەسمىكەن!؟

ھازىر ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا بىر ھەپتە، دۆلەت بايرىمىدا بىر ھەپتە ساياھەت قىلىش، دەم ئېلىش ئارقىلىق بايرام پەيزىنى سۈرۈش دۆلەت ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، ئامما خۇشال بولىدىغان چوڭ ئىش بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە دۆلەت، كوللېكتىپ خىراجىتىگە ساياھەت قىلىش ئەۋجىگە چىقىدۇ. شەخسىي پۇلغا ساياھەت قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرى ئەلا مۇلازىمەتتە تەق بولۇپ تۇرىدۇ. ئاخبارات

ۋاستىلىرىدە دەم ئېلىش، ساياھەت ئەھۋالى بەس ـ بەستە تەشۋىق قىلىنىدۇ. تېلېۋىزورغا قارىساق، چوڭ شەھەرلەردە، مەنزىرىلىك رايونلاردا سەيلە ـ ساياھەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىرايىدىن نۇر ياغىدىغان دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى. چىرايى ئاپتاپتا قارايغان، گەۋدىسى تارىشىدەك قاتقان دېھقانلار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن ئەمگەكچىلەر بايرىمى، دۆلەت بايرىمىنىڭ ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان »ئالتۇن تاۋاقلىقلار بايرىمى«غا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئاشۇ بايرام كۈنلىرىدە دېھقانلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

مەرھۇم شائىر روزى سايىت مىسرالىرىدا ئېيتىلغاندەك، «دېھقاننىڭ بايرىمى ئوتاش ۋە پۇتاش» بولۇپ، ئۇلار ئېتىز ـ قىرلاردا، تاغ ـ يايلاقلاردا، مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ھاشاردا يەنىلا ئۇن ـ تىنسىز ئەمگەك بىلەن مەشغۇل. ئۇلار ئەمگەكچى، لېكىن ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا ئۇلار ھاشاردا؛ ئۇلار دۆلەت پۇقراسى، لېكىن دۆلەت بايرىمىدا ئۇلار يەنىلا ھاشاردا. ھېچكىم ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا، دۆلەت بايرىمىدا ئۇلارنى ئەمگەكتىن ئازاد قىلىپ، بايراملىق ئۈچۈن دەم ئېلىش بەرمەيدۇ. ئۇلار بايرام بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز سېزىمى بىلەن ئەمەس، تېلېۋىزوردىن ھېس قىلىدۇ. ئۇلار بايرام قىلىۋاتقانلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالىدۇ ...

دېھقان ھەقىقىي ئەمگەكچى، شۇنداقلا دېھقانلار يېڭى جۇڭگونى قۇرۇش ئۈچۈن قان ئاققۇزغان. دېھقان بۇ بايراملاردىن بەھرىمەن بولالمىسا، بۇنى قانداقمۇ ئەمگەكچىلەر بايرىمى، دۆلەت بايرىمى دېگىلى بولسۇن؟!

ھەممىمىزگە مەلۇم، سۇن جۇڭسەن قوزغىغان شىنخەي ئىنقىلابى پەقەت ئىشچى، زىيالىي، ئەسكەرلەرنى تايىنىش نۇقتىسى قىلىپ شەھەردە ئىنقىلاب قىلغانىدى، دېھقانلار ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگودا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولالماي مەغلۇپ بولدى. ماۋ زېدۇڭ يېزىلاردا ئىنقىلابىي تايانچ بازا قۇرۇپ، دېھقانلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، »يېزىلار ئارقىلىق شەھەرنى قورشاش« ئىستراتېگىيىسىنى قۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئارمىيىسىمۇ ئاساسەن دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. قىسقىسى، دېھقانلار بولمىغىنىدا سوتسىيالىستىك جۇڭگو بولمايتتى، ھازىرقىدەك زامانىۋىلاشقان تەرەققىيات بولمايتتى. شۇنداق ئىكەن، ئۇلاردا ئەمگەكچىلەر بايرىمى، دۆلەت بايرىمىدىن ئەڭ ئاۋۋال بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار: ئۇلار بايراملاردا ئەمگەككە سېلىنىپ، بايرام قىلىش

ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالسا، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى، سىياسىي مەنپەئەتى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىغانلىق بولىدۇ. «ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش» قۇرۇق شوئار بولۇپ قالىدۇ.

دېھقانلارمۇ دۆلەت بايرىمى، ئەمگەكچىلەر بايرىمىدىن باراۋەر ئاساستا بەھرىمەن بولۇشى، بايرام مەزگىلىدە ھەرقانداق ئورۇن، ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماسلىقى، دېھقانلارغا ئۆزىنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ بىر قىسمى، دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئەڭ ياخشىسى، دۆلەت دېھقانلار ئۈچۈن مۇۋاپىق كۈننى بېكىتىپ، يىلدا بىر قېتىم دېھقانلار بايرىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى زۆرۈر. شۇ بايرام كۈنىدە گېزىت، تېلېۋىزور، رادىئولار زوق ـ شوخ بىلەن دېھقانلار بايرىمى ئۈچۈن خىزمەت قىلسا؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى دېھقانلار بايرىمىنى تەبرىكلەشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتسا؛ شۇ كۈندە قويۇق دېھقانلار بايرىمى كەيپىياتى يارىتىلسا، قالتىس مەنىلىك ئىش بولغان بولاتتى.

«دېھقانلار بايرىمى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ نېمىدېگەن چىرايلىق. ناۋادا ئارزۇلار ئەمەلگە ئېشىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار بايرىمى تەبرىكلىنىپ، دېھقانلار ئۆزىنىڭ بايرىمىدىن شاد ـ خۇراملىق ھېس قىلسا تېخىمۇ چىرايلىق ئىش بولىدۇ. بىز دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم دېھقانلار بايرىمى ئۆتكۈزگەن بولىمىز (مەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا دېھقانلار بايرىمى كۈنى بارلىقىنى ئاڭلىمىدىم).

دېھقانلار بايرىمى »بايرام قانۇنى«غا كىرگۈزۈلۈپ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدالسا، دېھقانلار شادلىقتا تولسا، بۇ يالغۇز دېھقانلارنىڭلا ئەمەس، دېھقان تېرىغان ئاشلىقنى يەۋاتقان ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق بايرىمى بولىدۇ.

ئارزۇ نېمىدېگەن گۈزەل! دېھقانلار قاچان بايرام قىلار؟ تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار بايرىمىنى قاچان تەبرىكلەمىز؟! ...

(ئاپتور: گۇما ناھىيە كىلياڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى) مەنبە: سەلتەنەت تورى

# ھەرگىزمۇ دېھقان بولۇپ قالماڭ

يوللىغۇچى: تۇران69

ھەرگىزمۇ دېھقان بولۇپ قالماڭ

(فىلىيەتون)

Chilamyim

ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر تەرجىمىسى

سەھرايى قىيامەتتە تۇغۇلۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. تۇغۇلۇپ قالدىڭىزمۇ بولدى، نامرات ئۆتكىنىڭىز ئۆتكەن. ئالىقانچىلىك يېرىڭىزگە تېرىغان ئىككى تۈپ - تۈپ ئاشلىقىڭىز نەچچە پۇلغا يارىماقچىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپلا ئايىغى چىقمايدىغان ئۇقۇش راسخوتلىرىنىڭ قايىنمىغا غەرق بولۇپ كېتىسىز. تېخى كەنت، يېزا كادىرلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆيىڭىزگە كېلىۋېلىپ سېلىق سۈيلىگىنى سۈيلىگەن.

پۇلىڭىز بولمىسا ئۆيىڭىزنى تۈتۈپ قالىدۇ. سىزنىڭ ئاچ - توق قېلىشىڭىز بىلەن كىمنىڭ كارى. ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك كاتتا ئادەم بولۇشنى ئويلايسىز. ئەمما ئۇقۇش پۇلنى تۆلىيەلمىگەنلىكتىن ئىلاجسىز ئوقۇشتىن چېكىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن تۆگەشكىنىڭىز تۆگەشكەن.

چوڭ بولغاندىن كېيىن سىزمۇ دېھقان بولىسىز دېگەن گەپ. پاراۋانلىق، كۆتۈنۈش دېگەنلەردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولامدىغان. بۇ دۆلەتتە سىزنىڭ بىردىن بىر قىلالايدىغان ئىشىڭىز ھەق تاپشۇرۇشتىنلا ئىبارەت خالاس. ئەمما سىز ئانچە-مۇنچە خەت تونۇغان بولغاچقا، كادىرلار سېلىق يىغقىلى كەلگەندە يولدىن

تېپىۋالغان مەركەزنىڭ سىلىقنى يېنىكلىتىش ھەققىدىكى مەلۇم ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

- ھۆججەتنىڭ روھى بويىچە سىلىقنى تاپشۇرمايمەن قانداق ! -دەيسىز.

شۇنىڭ بىلەن جاھىل ئۇنسۇر ئاتىلىپ قالىسىز. قولىڭىزدىكىمۇ ئۆلكىدىن تېخى يېقىندىلا ئەمەلدىن قالدۇرغان ئەكسىيەتچى ھۆججەت بولۇپ چىقىدۇ-دە ساقچىخانا ياكى قاسقان شەپكە كىيىۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىسىز. ئاخىردا ئۆيىڭىزدىكىلەر تېخىمۇ كۆپ پۇل خەجلەپ سىزنى ھەپسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ.

ئۆيىڭىزدە نامراتلىقتىن كۈن ئالالمايسىز- دە بىرەر چوڭراق شەھەرگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلماقچى بولىسىز. پۇلىڭىز بولمىغاچقا نۇرغۇن دوست- بۇرادەرلىرىڭىزگە ئوخشاشلا تەۋەككۇلسىگە پويىزغا چىقىۋالىسىز. پويىزدا ئورۇن بولمىغاچقا نەچچە يۈزلىگەن قېرىنداشلىرىڭىزغا ئوخشاش ئۆتتۈشمە يوللاردا، كارىدورلاردا، ھاجەتخانىنىڭ يانلىرىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولىسىز. پويىز خىزمەتچىلىرى سىزگە ئۆلگۈدەك ئۆچ، ئۇلارنى سىزنى خالىغاندا پويىزدىن چۈشۈرۈۋېتىشۋېرىدۇ تېخى.

سىز بىر يېپ يېڭى شەھەرگە يېتىپ كېلىسىز. بۇ شەھەر ھەققەتەن چىرايلىق بولغاچقا سىز ئاشۇ رەپ - رەپ كىيىملىرىڭىز بىلەن ھېلىم دىۋانىدەكلا كۆرۈنۈپ قالىسىز. بۇ چىرايلىق شەھەر مۇشۇ شەھەرلىكلەرنىڭ شەھىرى، قانداقتۇر جۇڭگو يېزىلىرىدىن كەلگەن سەھرالىقلارنىڭ شەھىرى ئەمەس. شۇڭا بۇ شەھەر ئەڭ ئازادە، كۆڭۈللۈك، پاكىز، ئوبدان خىزمەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە بېرىپ، ئۇلار يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ قىلىشنى خالىمىغان پاسكىنا ئىشلارنى سىزگە بېرىشىدۇ؛ ياكى بولمايدۇ سىز مەلۇم زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەيسىز. كۈندە نەچچە ئون سائەتلەپ ئىشلىسىڭىزمۇ ئاخىر بېرىپ ئېرىشىدىغىنىڭىز نەچچە يۈز يۈەندىنلا ئىبارەت بولىدۇ خالاس. قورسىقىڭىز ئاچسا قاتتىق نان غاجاپ، ئۇسساپ كەتسىڭىز سوغۇق سۇ ئىچىپ يۈرۈپ تېجەپ قالغان ئاشۇ ئىككى توك-توك پۇلىڭىز بىلەن تۇرمۇشىڭىزنى قانداقمۇ ياخشىلىيالىغۇدەكسىز؟ تېخى مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ شەھەردىكى تالاي كىشىلەر كۆزگە ئېلىپمۇ قويمايدىغان نەچچە يۈز يۈەن دېگەن پۇلغا ۋاقتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسىنى سېتىۋالمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇ نەرسە سىزنىڭ مۇشۇ دۆلەتنىڭ مۇشۇ يېرىدىكى قانۇنلۇق ئاھالە ئەمەسلىكىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى، ئاشۇ گۇۋاھنامىنى تېزلىكتە بېجىرىۋېلىڭ ھەم ھەر ۋاقىت يېنىڭىزدا ئېلىپ يۈرۈڭ. بولمىسا سىز كوچىلاردا تېنەپ

يۇرگەندە ھەتتا ئۆيىڭىزدە تۇرغاندىمۇ فورما كىيىۋالغان باتۇرلار سىزنى تۇتۇپ ئاپىرىپ”قۇتقۇزۇش ئورنى “ دەپ ئاتىلىدىغان جايغا سۇلاپ قويىدۇ. بۇ چاغدا سىز گۇۋاھنامە سىتىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلدىنمۇ كۆپ پۇل خەجلەپ ئۆزىڭىزنى ھەپىسدىن قۇتۇلدۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.

ھە راست، بۇ جەرياندا سىز ياۋاش-يۇمشاق، ئىتائەتمەن بولۇشكى ھەرگىز زاكونلىشىپ قالماڭ. بولمىسا فورما كىيىۋالغان باتۇرلارنىڭ ئاچچىقى كىلىپ قالىدۇ-دە « سەن بۇ شەھەرگە نىمە دەپ كەلگەن؟ دەپ تۇغۇلغىنىڭىزغا تويغۇزىۋېتىدۇ. مانا بۇ خەلق چاكارلىرىنىڭ سىزگە كۆرسىتىدىغان شاپائىتىدۇر !

ھە راست، سەمىڭىزدە بولسۇنكى، كىچىكىڭىزدىن باشلاپلا تاياق-توقماق يەپ چېنىقىپ قويۇڭ. چۈنكى، چاكارلار شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرسە كىرەك ئۇلارنىڭ بىرەر تەستەك سىلىۋېتىشى ۋە بىرەر پەشۋا ئېشىۋېتىشى ھىچ گەپ ئەمەس.

بۇ شەھەردە ياشىغان ئىكەنسىز كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇڭ، ئېغىزىڭىزنى چىڭ يۇمۇپ گەپنى ئازراق قىلىڭ، بېشىڭىزنى قايغان، پۇتىڭىز تايغان يەرلەردە يۇرمەڭ، ئوڭ مەڭزىڭىزگە شاپىلاق يېسىڭىز سەل مەڭزىڭىزنىمۇ تۇتۇپ بېرىڭ؛ شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بۇ شەھەرگە ئاستا-ئاستا سىڭىشەلەيسىز. سىز بۇ شەھەر بىلەن تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ بەدەن چېنىقتۇرۇشىڭىز، يۈگۈرىشىڭىز كىرەك. شۇ ئارقىلىق كېسەلگە قارىشى ئىممۇنىتېت كۈچىڭىزنى ئاشۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. بولمىسا بىرەر يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىڭىزمۇ بولدى، شەھەردىكى دوختۇرخانىلار سىزنىڭ تاپقان- تەرگەنىڭىزنى يالماپ سىزنى قاقسەنەم قىلىۋېتىدۇ.

ھە راست، بۇ پەقەت سىزنىڭ تەلىيىڭىز كىلىپ ئىنساپلىق دوختۇر ۋە ئىشەنچلىك دوختۇرخانىغا يولۇقۇپ قالغىنىڭىزدىلا يۈز بېرىدىغان ئەھۋال. بولمىسا سىز كۆپ ھاللاردا دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ كىرەلمەيسىز. ئاغرىپ قالسىڭىز ئىمكانىيەتىڭ بارىچە دوختۇرخانىغا بارماڭ، يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ چېنىقىش ماھارىتىڭە تايىنىپ كېسەل ئۈستىدىن غالىب كەلگىنىڭىز تۈزۈك. پۇرسەت بولسىلا يۈگۈرۈڭ، چېنىقىڭ. بولمىسا داۋالىنىمەن دەپ گېلىڭىزغىچە قەرزدار بولۇپ كېتىسىز. بۇ شەھەردە سىزگە ئوخشاش كېسەلمەنلەرنىڭ ھىچ بولمىسا ئائىلىسى، بالىسى بار، ئۇلارنىڭ باللىرى مەكتەپكە بارىدۇ. بولدىلا، بۇلارنى دىمەيلا قويغان تۈزۈك.

ئەلۋەتتە سىز مۇشۇ شەھەرلىك بولمىغان ئىكەنسىز بۇ شەھەردىكى مەكتەپلەرمۇ سىزنىڭ باللىرىڭىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىڭىزنى ئوغرىلىقچە ئىشلەمچىلەرنىڭ پەرزەنتلەر مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىسىز. ۋاقىت كەلگەندە بۇنى چوڭ ئامەت ھېسابلىسىڭىز بولىدۇ تېخى ! كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەردىكىلەر بۇ مەكتەپنى بەك قالايمىقان ئىكەن، دەپ قاراپ چېقىپ تاشلىسا ئىشىڭىز تېخىمۇ چاتاق !

سىز تولىمۇ ئەقىللىق. ئەقىل جەھەتتىن ئېيتقاندا خۇددى سىزگە ئوخشاش خېنەن يېزىلىرىدا تۇغۇلۇپ ۋەتەندىن ئايرىلغان سۈي چىدىن كەم ئەمەس. شۇڭا سىزنىڭ كىرىمىڭىزمۇ ئۆسۈشكە باشلايدۇ. ئەمما سىز مەيلى ئۈچىڭىزغا ئەڭ ئېسىل كاستۇم- بۇرۇلكىلارنى كىيىۋالماڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز ھامان سەھرادىن كەلگەن دېھقانسىز. شۇڭا بۇ شەھەردە بىرەر قالايمىقانچىلىقنىڭ چىقىپ قالماسلىقىنى ئۈن – تۈنسىز تىلەڭ. بىرەر چوڭ تىپتىكى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈپ قېلىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولسۇن. مۇبادا شۇنداق كۈنلەر كېلىپ قالسا سىز بۇ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلىدىغانلار نىشانىغا ئايلىنىپ قالىسىز. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزگە پېشكەلچىلىك يېتىپ تاياق يەپ ئۆلسىڭىزمۇ ھېچكىم سىزگە پەرۋا قىلىپ قويمايدۇ.

مۇبادا ئاتا – ئانىڭىز ئاشۇ يىللاردا بېلىنى مەھكەم باغلاپ، پۈتۈن نىيەت- ئىقبالى بىلەن سىزگە يۇقىرىلاپ ئوقۇش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن بولسا، سىزمۇ ئۆلە تىرىلىشىڭىزگە قارىماي تىرىشىپ ئوقۇپ ئاخىرى ئالىي مەكتەپكە ئۆتسىڭىز ئۇ چاغدا بىرەر چوڭ شەھەرگە بارسىز دېگەن گەپ. شۇ چاغدىلا سىز ئۆزىڭىزنى ھەقىقي شەھەرلىكلەردەك ھېس قىلىپ قالىسىز. شۇنىڭ بىلەن سىز سۈن جىگاڭغا ئايلىنىسىز. مانا بۇنى قالتىس ئىش دېسە بولىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تاياق يەپ ئۆلسىڭىز ھەرھالدا سىزگە ئىگە چىقىدۇ. ئەمما مەيلى نېمىلا بولۇپ كەتسۇن سىز بەربىر دېھقان. مەيلى سىز ئۇقۇق ئوقۇماڭ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى سىز مۇشۇ دۇنياغا كۆز ئاچتىڭىزمۇ بولدى شەھەرلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەم تىللايدىغاندا ئىشلىتىدىغان << كوم – كوم لاي سۇ ئىچكەن، جىنايەتچى>> دېگەن سۆزلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغىنىڭىز قالغان. ئەگەر بۇ دۇنياغا تۇغۇلماقچى بولسىڭىز ئويلىنىپراق تۇغۇلۇڭ. بولمىسا پۈتۈن ھاياتىڭىز زايەكەتمسۇن يەنە. ئەڭ ياخشى ئۆزىڭىزنىڭ جۇڭگو يېزىلىرىدا تۇغۇلۇپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈن- تىنسىز تىلەڭ. ئاۋازىڭىز تېشىغا چىقىپ كەتمىسۇن. بولمىسا باشقىلار سىزنى تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ قالىدۇ.

خەنزۇچە<<》 تاللانغان فېلىيەتونلار>>《ژۇرنىلىنىڭ 2003 ــ يىللىق 9ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

(تەرجىمان: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە)

# چىڭگىزخانىنىڭ تەرجىمھالى

يوللىغۇچى: تۇران69

XII ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIII ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىكى قۇرۇلۇن، ئۇنۇن دەريالىرىنىڭ بويىدا ئۆز ئارا بىرلەشمىگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ياشايتتى. بايقال بويلىرىدا بولسا، تاتار قەبىلىلىرى، توغلار دەرياسى بويىدا ۋە شەرقىي ئالتايدا كىرەيلەر، نايمانلار، مەركىتلەر(بۇلار تۈركىي قەبىلىلەر ئىدى) ياشايتتى. مانا مۇشۇ قەبىلىلەر ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.

موڭغۇللار شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى سان جەھەتتىن كۆپ، ئابرويلۇق بولغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى ـ تاتار قەبىلىسى نامى بىلەن <<تاتارلار >>دەپ ئاتىغان ئىدى. موڭغۇللار شۇ چاغدا ئۇرۇق ـ قەبىلەر مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە ياشايتتى.

مىلادى 1156ـ يىلى ئۇنۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ چىيىيان بورى تېگىن ئاتلىق ئۇرۇقىنىڭ خانى يېسۈكەي باتۇرنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغدى، ئوغۇلغا تومۇرچى(موڭغۇللار تېمۇرچىن دېيىشىدۇ) دەپ ئات قويىدى، تومۇرچى ئاجايىپ قاۋۇل، چاققان، بەكمۇ ھوشيار ئوغۇل ئىدى. 1167ـ يىلى يېسۈكەي باتۇرنى تاتارخانى تۇغرۇلخان زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. دادىسىدىن يېتىم قالغان تومۇرچى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يېنىدىكى بىر كاندا پۇتىغا چېتىق سېلىنغان پېتى بىر نەچچە يىل تاتارلارنىڭ قول ئاستىدا قۇل ئورنىدا ئىشلىدى. تومۇرچى قۇللۇقتىن قاچقاندىن كېيىن، ئۆز قەبىلىسىگە خان بولدى. ئۇ دەسلەپتە موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈردى. ئاندىن مىلادى 1202ـ يىلى تاتار قەبىلىلىرىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىمۇ ھوكۇمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. 1204ـ يىلى نايمان خانى تايانخاننى ئۆلتۈردى. بىر قىسىم نايمانلار

كۈچلۈكخان(تايانخاننىڭ ئوغلى) نىڭ يېتەكچىلىكىدە يەتتىسۇغا قېچىپ بېرىپ، قاراقىتان خانى چورۇقتىن پاناھ تىلىدى. تايانخاننىڭ تامغىچىسى تاتاتۇڭا دېگەن ئۇيغۇر تومۇرچىگە باش ۋەزىر بولدى.

موڭغۇللار مىلادى 1206ـ يىلى ئۇنۇن دەرياسىنىڭ بويىدا 5000كىشىلىك بىر چوڭ چېدىر تىكىپ قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتاي تومۇرچىننى <<چىڭگىزخان>>دەپ ئاتاپ، ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ خان قىلىپ تىكلىدى.

چىڭگىزخان يېڭى قۇرۇلغان موڭغۇل دولىتىگە خان بولغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۆزىگە خوشنا بولغان جايلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇلارنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق تالانتلىقلىرىنى ئوردىسىغا يىغىپ ئۇلارنى كەڭ چوڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى ئىشلارغا تەيىنلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى قوراللانغان، جەڭگىۋار، بەكمۇ ئىنتىزاملىق ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىدى.

چىڭگىزخان بۇ ئىككى ئىشنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، سىرتقا قارىتا بىر قاتار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1207ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىخان يېنسەي دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىرغىزلارنى، بۇرياتلارنى، بايقال ئەتراپى ۋە ئالتايدىكى ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇردى.

ئاسىيانىڭ شەرقىدە باش كوتۇرگەن موڭغۇللارنىڭ خانى چىڭگىزخاننىڭ شوھرىتى توغرىسىدىكى گەپلەر خۇددى قاناتلىق قۇشتەك ئۇچۇپ دۇنياغا تارالدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى(850ـ 1335) نىڭ غەربىي قىتان خانلىقىغا بېقىندى بولۇپ قالغىنىغا خېلى ئۇزاق يىللار بولغان ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى بائۇرچۇق ئارت تېگىن (1209ـ 1235) ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، غەربىي قىتانلارغا بولغان بېقىندىلىقىدىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىدى. 1209ـ يىلى باش ۋەزىر تارقان بىلگە بۇقا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ غەربىي قىتانلارنىڭ ئەلچىسىنى ئولتۇردى.

بائۇرچۇق ئارت تېگىن 1211ـ يىلى قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى چىڭگىزخان ئوردىسىغا بېرىپ، ئۇنى زىيارەت قىلدى. چىڭگىزخان بائۇرچۇق ئارت تېگىننى ئىززەتلەپ <<5ـ ئوغلۇم>>دېدى. بورتا ئاتلىق قەدىناس ئايالدىن جۇجىخان، ئوكتايخان، چاغاتايخان، تولىخان ئاتلىق توت ئوغلى بار ئىدى.

بائۇرچۇق ئارت تېگىن قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدىن قايتىدىغان چاغدا چىڭگىزخان ئوزىنىڭ ئارزۇلۇق

قىزى ئۇقال ئالتۇن (ئالتۇن بىكە) نى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن ئال ئالتۇن رەسمىيەت بويىچە بائۇرچۇق ئار تېگىنگە ياتلىق بولغۇچە ئالەمدىن ئۆتتى.

چىڭگىزخان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى تىنچ يول بىلەن قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، شەرققە ـ جۇڭگوغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا شىمالى جۇڭگوغا جۇرجىتلار(1115ـ يىلدىن 1134ـ يىلغىچە ھوكۇم سۈرگەن)، جەنۇبى جۇڭگوغا جەنۇبى سۇڭ سۇلالىسى (1127ـ يىلدىن 1279ـ يىلغىچە) ھوكۇمران ئىدى. چىڭگىزخان جۇرجىت خانلىقىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، ئاۋال ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى تاڭغۇت خانلىقىنى بويسۇندۇردى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى جۇرجىت خانلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن 1211ـ يىلى پۇختا تەييارلىق قىلىپ، 200مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقتى. چىڭگىزخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋەنچۇەن ناھىيىسى ئەتراپىدا جۇرجىت سەركەردىسى غېيشىلا، غوشاۋۇر قوماندانلىقىدىكى 300مىڭ لەشكەردىن تەركىب تاپقان جۇرجىت قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. بۇ ئۇرۇشتا جۇرجىت قوشۇنلىرىنىڭ سەرخىللىرى، مەشھۇر سەركەردىلىرى دېگۈدەك ھەممىسى يوقىتىلدى. چىڭگىزخان خېبېي، خېنەن ئۆلكىلىرىنىڭ شىمال قىسمىنى، سەنشى، سەندۇڭ ئۆلكىلىرىنىڭ كوپ قىسمىنى بېسىۋالدى. چىڭگىزخان 1215ـ يىلى جۇرجىت خانلىقىغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. موڭغۇللار بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا جۇرجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى بېيجىڭ بىلەن كەيفېڭنى بېسىۋالدى. چىڭگىزخان جۇرجىت خانلىقىغا قارايدىغان ترىتورىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك موڭغۇل ئىمپىرىيىسىنىڭ تورىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى. چىڭگىزخان بېسىۋېلىنغان جۇڭگو ترىتورىيىسىگە جالايىر قەبىلىسىدىن بولغان موغالى ئاتلىق سەركەردىنى خان قىلىپ تەيىنلىدى.

چىڭگىزخان 1218ـ يىلى جىرجىتلار ئۈستىدىن ناھايىتى چوڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، شىمالى جۇڭگودىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كوپ ئولجا ـ ئالتۇن ۋە كۇمۇش تاۋاقلار، شايى ـ ئەتلەس ماللار، قۇللار، دېدەكلەر، شۇنداقلا خەانزۇلارنىڭ ناھايىتى كوپ قورال ـ ياراغلىرىنى، بولۇپمۇ شەھەرلەرنى قامال قىلىدىغان قوراللارنى ئەمەس، بەلكى بۇنداق قوراللارنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى

بىلىدىغانلارنىمۇ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىئۇ تېز ئارىدا موڭغۇل قوشۇنلىرىنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ياخشى قوراللىرى بىلەن قوراللاندۇردى. چىڭگىزخان 1215ـ يىلى جۇرجىتلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەندىن كېيىن، غەربكە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى 1209ـ يىلىدىن باشلاپ چىڭگىزخانغا بېقىندى بولغاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈشى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىلغان بولسىمۇ، قەشقەرنى پايتەخت قىلغان نايمان خانلىقى 1211ـ يىلىدىن 1218= يىلغىچە هوكۇم سۈرگەن) غەربكە بارىدىغان يولدا چىڭگىزخانغا بىردىنبىر توسقۇب بولىدىغان دۈشمەن ئىدى.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك 1204ـ يىلى چىڭگىخزخان ئالتايدىكى نايمان خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، نايمان خانزادىسى كۈچلۈكخان غەربكەـ بالاساغۇنغا كېچىپ كەتكەنىدى. 1211ـ يىلى غەربىي قاراقىتان خانلىقى (1125ـ 1211) نىڭ خانى چورۇق (1178ـ يىلدىن 1211ـ يىلغىچە خان بولغان) خارەزىم شاھلار دولىتى( 1231ـ 1157) نىڭ شاھى مۇھەممەد بىلەن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئوسمان بۇغراخان قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندا، كۈچلۈكخان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قاراقىتان خانلىقنى ئاغدۇرۇپ، نايمان خانلىقنى قۇرغانىدى. بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسگە هازىرقى تارىم ۋادىسى ۋە ماۋرائۇننەهرنىڭ شەرقى قىسمى كىرەتتى. كۈچلۈكخان ناھايىتى جاھىل بولۇپ، خرستىئان دىنىنىڭ نىستۇرىيان مەزھىپىدە ئىدى. ئۇ يەتتە يىل خانلىق قىلغان مەزگىلدە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئېتىقادىدىن ياندۇرۇپ، ئۆز ئېتىقادىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان. ھەتتا خوتەندىكى مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈچلۈكخان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلىرىنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە ئۈچرىغان ئىدى.

چىڭگىزخان نايمان خانلىقنى يوق قىلىش ئۈچۈن 1218ـ يىلى جابا نۇيان قوماندانلىقىدا 20مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى يولغا سالدى. جابانۇياننىڭ ئالتاي ئاتقىلىق يەتتىسۇغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بەۋەر تاپقان كۈچلۈكخان هازىرقى قىرغىزىستاندىكى ئىسسىقكولنىڭ بويىغا نايمان قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ موڭغۇللار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇردى.

كۈچلۈكخان جابا نۇيان تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، قەشقەرگە قاراپ قاچتى. جابا نۇيان دىنغا ئېتىقاد قىلىش

ئەركىنلىكى توغرىسىدا بارغانلا يېرىدە تەشۋىقات يۈرگۈزگەن ئىدى. موڭغۇللارنىڭ بۇ تەدبىرى ياخشى ئۈنۈم بەردى. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنى قوللاپ، كۈچلۈكخاننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇچرىغانلا يەردە ئۆلتۈردى. كۈچلۈكخان سېرىققۇلغا قاچقاندا موڭغۇللار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. نايمان خانلىقنى يوقاتقان چىڭگىزخان ئۇنىڭ زېمىنىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنغا قوشۇۋالدى. ئۇيغۇر ئېلىنى ئىدارە قىلىشقا ماڭلاي سويەر دوغلاتنى تەيىنلىدى.

چىڭگىزخان نايمان خانلىقنى يوقاتقاندىن كېيىن، 1219- يىلى غەربكە- ئۇلۇغ خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە يۈرۈش قىلدى. خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ تېرىتورىيىسىگە ماۋرائۇننەھر، خوراسان، ئافغانىستان كىرەتتى. خارەزىم شاھلار دۆلىتى (1157- 1227) باي، كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. 400-مىڭ لەشكەردىن تەركىپ تاپقان، ياخشى قوراللانغان قوشۇنى بار ئىدى. چىڭگىزخان 1219- يىلى(يىلان يىلى) كۈزدە 210مىڭ موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنىغا ئۆزى باش قوماندان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ يۈرۈشىگە مەشھۇر ئۇيغۇر ھەربىي ئىستىراتېگلىرى تورا قاپا، بۇلا قاپا ۋە ئوز ئوغۇللىرى جۇجى، چاغاتاي، ئوكتاي، تولى قاتارلىقلار ۋە مەشھۇر موڭغۇل سەركەردىلىرىدىن سۇبۇتاي باتۇر، جاپا نۇيان قاتارلىقلار ھەمرا بولدى.

خارەزىم شاھى مۇھەممەد موڭغۇللار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشتا قانداق تاكتىكا قوللىنىش توغرىسىدىكى ناھايىتى جىددىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ھەربىي كېڭەش چاقىردى. كېڭەشتە، شاھابىدىن خۇاكى: <<مۇۋاپىق بىر جايغا ناھايىتى چوڭ قوشۇن توپلاش كېرەك. بۇ قوشۇن ئوزىگە ئەپلىك بولغان بىر جاينى ئىگىلەپ ۋە ئەپلىك پۇرسەتنى پايلاپ تۇرۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ئاساسىي كۈچلىرىگە قارشى جەڭگە كىرسۇن، شۇنداق قىلغاندا بۇ قوشۇن چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرەلەيدۇ ۋە مەملىكەت چېگرىسىدىن ھەيدەپ چىقىرالايدۇ>> دېگەن. مۇھەممەد بۇ تەكلىپكە قۇلاق سالماي، خارەزىم شاھلىقنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان خاتا تاكتىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خارەزىم قوشۇنلىرىنى بىر نەچچە بولەككە بولۇپ، شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

چىڭگىزخان شاھى مۇھەممەدنىڭ ئىنتايىن خاتا، خەتەرلىك تاكتىكا قوللانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلاپ، خارەزىم شەھەرلىرىنى بىر- بىرلەپ ئىگىلەپ، 1221-يىلى خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ

تېررىتورىيىسنى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى. خارەزىم شاھى مۇھەممەد پاناھ بولغۇدەك يەر تاپالماي، كاسپى دېڭىزىدىكى ماخاۋ كېسەللىرنى پالايدىغان يېرىم ئارالغا قېچىپ بېرىپ، خار- زارلىقتا ئولدى. ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان چوڭ ئوغلى جالالىددىن بىر نەچچە يىل موڭغۇللارغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، غەلىبە قىلالماي، 1231- يىلى كاۋكازدا ئولدى.

چىڭگىزخان خارەزىم شاھلار دولىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، سۇبۇتاي باتۇر بىلەن جابا نۇيان قوماندانلىقىدىكى 200مىڭ ئاتلىق قوشۇننى غەربكە ماڭدۇردى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىنى بويلاپ(ئىران ئارقىلىق) كاۋكازغا ئوتۇپ، ئەرمەنلەر ۋە گروزىنلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن جەنۇبىي روسىيەگە قاراپ ماڭدى.

بۇ چاغدا بىرلەشكەن كۈچلۈك رۇس دولىتى يوق بولۇپ، رۇسلار ئايرىم- ئايرىم، كۈچسىز كىنەزلىكلەر(بەگلىكلەر) نىڭ ھوكۇمرانلىقىدا ئىدى. سۇبۇتاي باتۇر 1223- يىلى ئازوۋ دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان قالقا دەرياسىنىڭ بويىدا ئاۋۋال قىپچاقلارنى، ئاندىن كېيىن رۇس كىنەزلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇننى تارمار قىلدى. سۇبۇتاي باتۇر قالقا دەرياسىنىڭ بويىدا ئەسىرگە چۈشكەن ئون نەچچە رۇس كىنەزلىرى (بەگلىرى) نىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، نۇرغۇن ئالتۇن- كۈمۈشنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا- چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا( شۇ چاغدا چىڭگىزخان تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى) قايتىپ كەلدى.

چىڭگىزخان مىلادى 1227- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن شەرققە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، شەرقتە ھازىرقى كورىيەدىن تارتىپ غەربىي دىنپېر دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە تۇتاشقان ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىنى قەدىناس ئايالى بورتادىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرىغا بولۇپ بەردى. ئاندىن ئۇلارغا ۋەسىيەت قىلىپ: <<سىلەر ئوقيانىڭ باشقىغا ئوخشايسىلەر، توت تال باشاقنى جۇپلىگەندە ئۇنى ھېچكىشى سۇندۇرۇۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر باشاقتىن بىرى ئېلىپ تاشلانسا، ئۈچ تال باشاقنى ھەر قانداق كىشى ئىككى بېشىدىن قايرىپ سۇندۇرۇۋېتەلەيدۇ. شۇڭا مەندىن كېيىن قالغاندا توت بىرتۇققان بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىرلىكتە ئوتۇڭلار. ھەرگىز ئايرىلىپ كەتمەڭلار>> دېگەن.

چىڭگىزخان ئوز ۋەسىيىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتاينى ئوزىنىڭ

ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ئوكتايغا بويسۇنۇشنى تاپىلىغان. خېلىدىن بېرى <<دادامنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولۇش ماڭا مۇناسىپ >>دەپ يۈرگەن جۇجىخان چىڭگىزخاننىڭ ئوكتاينى ۋارىس قىلغانلىقىغا نارازى بولغان.

چىڭگىزخان 1225ـ يىلى هازىرقى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىدا ھەربىي كېڭەش چاقىرغاندا جۇجىخان: سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، دىگەن باهانىنى كۆرسىتىپ كەلمىگەن. جۇجىخاننىڭ يېنىدىكى چىڭگىزخاننىڭ جاسۇسلىرى سالامەتلىكىنىڭ ياخشىلىقىنى، ھەمىشە ئوۋدىن قالمايدىغانلىقىنى ئۇلۇغ خانغا مەخپىي مەلۇم قىلغان. چىڭگىزخان جۇجىخاننىڭ قىيداپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈرگۈزگەن.

ئىشەنچىلىك تارىخى ئاساسلارغا قارىغاندا، 1176ـ يىلى چىڭگىزخان بورتاغا ئۆيلەنگەن كېچىسى مەركىتلەر تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، بورتانى بۇلاپ كەتكەن. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئون ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخانغا سادىق بولغان بىر مەركىت بېگى بورتانى ئۇشتۇمتۇتلا چىڭگىزخانغا سالامەت ئېلىپ كەلگەن. بورتا شۇ كۈنى كەچتە بىر ئوغۇل تۇغقان. موڭغۇللار بۇ ئوغۇلغا جۇجىخان (مىھمان كەلدى دىگەن مەنىدە) دەپ ئات قويغان. لېكىن بالىنىڭ چىڭگىزخاندىن تورەلگەنلىكىگە گۇمان چۈشكەن. چىڭگىزخان گۇمانخور موڭغۇللاردىن ئاتمىش ـ يەتمىشنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. لېكىن چىڭگىزخانمۇ گۇماندىن خالى بولالمىغاچقا، جۇجىخاننى ئۆزىگە ۋارىس قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغان. چىڭگىزخان: ئەگەر جۇجىخاننى ۋارىس قىلسام، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، گۇماننى ئىچىدە ساقلاپ يۈرگەنلەر غوۋغا قىلسا قانلىق ۋەقە تۇغۇلىدۇ، دەپ ئويلاپ، خېلىدىن بېرى ئوكتاينى ۋارىس قىلىش قارارىغا كەلگەن. چىڭگىزخان يۇقىرىقى ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، 1227ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتقان ۋە هازىرقى نىڭشيانىڭ يىڭچۇەن شەھرى يېنىدا 70 يېشىدا (1156ـ 1227) ئالەمدىن ئۆتكەن.

---

مەنبەسى ئاۋرال توربېتى ،.. BBS. xabnam. com din kochuruldi

# ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى

## كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى

يوللىغۇچى: ئۇبۇل

بىر كۈنى كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

- بىزنىڭ كەنجى ئوغلىمىز قەمىردىن شۇنداق باتۇر بالا بولدىكى، - دەپ گەپ باشلاپتۇ ئاسىم لاپچى، - تۈنۈگۈن ئۈن تارتىپ كەل دەپ تۈگمەنگە ئەۋەتكەنىدىم. تۈگمەنچى نۆۋەت كۈتسەن، ئەتە يا ئۆگۈن كەل، دەپ چىشىغا تېگىپتۇ. سەككىز ياشلىق بالا ئاچچىقىغا هاي بېرەلمەي، ئىتتىك چۆرگىلەۋاتقان تۈگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشىنى بىر قولى بىلەن بېسىپ توختىتىۋاپتۇ. چوڭ بولغاندا قانداق كۈچتۈڭگۈر بولۇپ كېتەركىنتاڭ!

- باتۇر دەپ ئەمدىلا ئىككىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن بىزنىڭ ئوغلىمىز سادىقجاننى دېسە بولىدۇ، - دەپتۇ كېرەم لاپچى، - ئاپىسى ئۈنى ئۈن تارتىپ كەل دەپ هەر كۈنى تۈگمەنگە ئەۋەتىدۇ. هەر كۈنى يىراقتىكى تۈگمەنگە قاتناۋېرىپ زېرىكسە كېرەك، بالا ئاخشام يوقلىپ كەتتى. نەگە كەتتىكىن دېسەك، قاسىم ياۋاشنىڭ تۈگمىنىنى ئۆي - پۆي، نو - پو، تاش - پاشلىرى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئورنىتىۋاپتۇ. هازىر شۇ تۈگمەندە ئۈن تارتىۋاتىمىز.

# تەڭنە ۋە ھاڭگا تېرەك

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، باشقا ـ باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئىككى يولۇچى مەلۇم شەھەرگە كەلگەندە بىر سارايغا چۈشۈپتۇ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياتاقتا چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئاجايىپ ئىشلار ھەققىدە ماختىنىپتۇ.

ـ بىزنىڭ يۇرتتا شۇنداق بىر چوڭ تەڭنە بار، ـ دەپتۇ بىرىنچى يولۇچى، ـ ئۇنىڭ چوڭلۇقى خۇددى يوغان بىر كۆلدەك كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا سۇ توشقۇزسا، بىرەر ـ ئىككى يۈز بالا بىمالال سۇ ئۈزۈپ ئوينىيالايدۇ.

ـ بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن، ـ دەپتۇ ئىككىنچى يولۇچى، ـ بىزنىڭ يۇرتتا ئاجايىپ چوڭ بىر تۈپ ھاڭگا تېرەك بار، ئۇنىڭغا نەچچە يۈز ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدۇ. بۇ ھاڭگا تېرەك شۇنداق ئۆسكەنكى، ئۇچى ئاسمانغا تاقىشىپ قالغان. ئەمدىلىكتە يۇقىرىغا قاراپ ئۆسەلمىگەچكە، قايرىلىپ تۆۋەنگە قاراپ ئۆسۈۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇچى يەرگە تاقىشىپ قالسا قانداق قىلاركىن؟

ـ نەدىمۇ مۇنچىۋالا چوڭ ھاڭگا تېرەك بولسۇن؟! ـ دەپتۇ بىرىنچى يولۇچى.

ـ ھەي بۇرادەر، ـ دەپتۇ ئىككىنچى يولۇچى، ـ ئەگەر مۇشۇنداق يوغان ھەم ئېگىز ئۆسكەن ھاڭگا تېرەك بولمىسا، سەن دېگەن ھېلىقىدەك يوغان تەڭنىنى قانداقمۇ ياسىغىلى بولىدۇ؟

# تور بىلىملىرى

## تور سۈرئىتىنى 20% ئاشۇرۇش (تەرجىمە ئەسەر)

يوللىغۇچى: زىبللا

تور سۈرئىتىنى يۇمشاق دېتال ئارقىلىق ئاشۇرۇش بىر ئاز ئۈنۈمسىز مەشغۇلات ۋە ياكى ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئەمەس. شۇڭا يۇمشاق دېتال ئارقىلىق تور سۈرئىتىنى تېزلەتكەندە كۆڭۈلدىكى ئۈنۈمگە ئېرىشكەندەك تۇيغۇدا بولالمايسىز، كۆپىنچىسى ئېلان قوشۇش قوراللىرىدۇر. مەسىلەن:«adslسىگنال ئاشۇرۇش ھۈجۈمچىسى»(خەنزۇچە超频奇兵 adsl) دېگەنلەر.

بىراق، تورنىڭ سۈرئىتىنى ھەقىقەتەن ئاشۇرىدىغان ئۇسۇلمۇ يوق ئەمەس، ۋىندوۋسنىڭ كۆڭۈلدىكى قىممەتلىرى ئىچىدە تور سۈرئىتى20%تۇتۇپ قېلىنغان. ئەگەر ئۇنى قوزغاتساق، ئۈنۈمى سىز ئويلىغاندىن خېلىلا ياخشى بولىدۇ. بۇ كۆپ سىناقتىن ئۆتكەن ياخشى ئۇسۇل. قەدەم ـ باسقۇچى تۆۋەندىكىچە:

تور سۈرئىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ۋىندوۋسنىڭ كۆڭۈلدىكى قىممىتىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. يۇمشاق دېتال ئارقىلىق تور سۈرئىتىنى ئاشۇرۇش بىر ئاز بىمەنىلىك.

ئالدى بىلەن «باشلاش»(كەيشى) نى ئېچىپ «ئىجرا قىلىش»(يۈنشىڭ) نى ئېچىپgpedit. msc دەپ يېزىپ، ئىجرا قىلىڭ. تەرتىپ بۇيىچە ئوڭ تەرەپتىكى:

”计算机配置”→“管理模板”→“网络”→“QoS 数据包调度程序“

لەرنى قوش چېكىپ بىر-بىرلەپ ئېچىڭ.

ئۇڭ تەرەپتىكى“限制可保留带宽نى تاق چەكسىڭىز، ئۇنىڭ ئىزاھاتى كۆرۈنىدۇ. چۈشىنەلىسىڭىز ئوقۇپ تېخىمۇ

چوڭقۇر چۈشىنەلىشىڭىزگە پايدىسى بار.

ئەمدى بىز “限制可保留带宽 گە قارىتا لايىھلەش ئېلىپ بارىمىز.“限制可保留带宽نى تاق چەكسىڭىز

سول تەرىپىدە «خاراكتېر»(属性) كۆرۈنىدۇ. بۇنى بېسىپ، ئىجرا قىلىڭ(ياكى限制可保留带宽نى قوش

چەكسىڭىزمۇ ئوخشاش).

تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنمەكچى بولسىڭىز«ئىزاھات»(说明) نى بېسىپ چۈشىنىڭ. چۈشىنىپ بولغان بولسىڭىز 说明نىڭ

يېنىدىكى «لايىھلەش»(设置) نى بېسىڭ. بۇ يەردە ئۈچ خىل تاللاش بار.

تەڭشەلمىگەن—未配置

قوزغىتىلغان—已启用

چەكلەنگەن—已禁用

بۇنىڭ ئىچىدىن «قوزغىتىلغان—已启用»نى تاللاڭ. ئاندىن تۆۋەنكى قىممەتنى0گە ئەكېلىپ قويۇڭ. ئاندىن مۇقىملاشتۇرۇپ

چېكىنىڭ.

قەدەم ـ باسقۇچ ئاخىرلاشتى. كومپيۇتېرىڭىزنىڭ تور سۈرئىتى ئاشقانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز بۇ ماقالىنى تەۋسىيە قىلىشنى

ئۇنتۇماڭ

# توردىكى ئارقىمۇ ئارقا ناخشىلارنى چۈشۈرۈش ھەققىدە

يوللىغۇچى: مۇڭلان

تورداشلار بەلكىم بەزى تور بەتلەردە ناخشىلار ئارقا ئارقىدىن چىقىدىغان قىلىۋېتىلگەنلىكىنى، قويۇلۇۋاتقان ھۆججەت ئادرېسىنى تېپىپ چۈشۈرگىنىدە بولسا 10 KB قىممۇ

بارمايدىغان ھۆججەت ئىكەنلىكنى تېخى ئۇنىڭ قويۇلمايدىغانلىقنى ھېس قىلغان ھەم مۇشۇنداق مەسىلىگە يولۇققان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداقتا بۇ ئارقىمۇ ئارقا قويۇلۇۋاتقان ناخشا ھۆججەتلەرنىڭ ئەسلىي ئادرېسنى قانداق بىلىمىز؟ مۇنداق قىلسىز:

ئاۋۋال ئاشۇ نەچچە كىلوبايت كېلىدىغان ھۆججەتنى چۈشۈرۈۋالسىز، ئاندىن ئۇنى خاتىرە دەپتەر ئارقىلىق ئاچسىز، خاتىرە دەپتەر ئىچىدە كۆرۈنگىنى دەل ئارقىمۇ ئارقا قويۇلىدىغان ناخشىلارنىڭ ھەقىقىي URL ئادرېسى، سىز شۇ ئادرېسلارنى IE نىڭ ئادرېس ستونىغا بىۋاستە چاپلاپ ENTER كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق چۈشۈرۈۋالسىڭىز بولىدۇ، ئەلۋەتتە چۈشۈرۈش قوراللىرى بولسا تېخى ياخشى.

مىسال: سىز چۈشۈرگەن ھۆججەتنى http://www.xaytan.com/web/1.mp دە پەرەز قىلايلى ، بۇ ھۆججتنى اتىرە دەپتەر ئارقىلىق ئېچىڭ ، ئىچىدە نۇرغۇن ئادرسلا بار ، خوش بىز ئېرىشمەكچى بولغان ناخشىلارنىڭ ئادرېسى دەل شۇ .

بۇ پەقەت ئۇقمايدىغانلار بىلىۋالسۇن دېگەنلىك، ئۇقمايدىغانلارغا قىلىنغان تەۋسىيە، ئۇقىدىغانلىرىڭلار ئادەم ئېچىتماي تۇرۇڭلار.

# توردىن كىنو ۋە ھەر قانداق شەكىلدىكى ناخشىلارنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى

يوللىغۇچى: شوخ


مەن بۇ تېمنى ئىلگىرى بىر تېمىغا ئىنكاس قىلىپ يوللىغان ئىدىم. كىيىن ئىزدەپ بۇ ئىنكاسنى سەينادىن پەقەتلا تاپالمىدىم، بەلكىم ئۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. كۆپچىلىك يەنىلا توردىن كىنونى قانداق چۈشۈرىدۇ؟ mtv ناخشنى قانداق چۈشۈرىدۇ دېگەندەك تېمىلارنى يوللىغىلى تۇرۇپتۇ. شۇڭا مەن بۇنى قايتا

تېما قىلىپ يوللىدىم، ئەگەر باشقۇرغۇچىلار مەن ئىلگىرى بۇ توغرىسىدا قايتۇرغان ئىنكاس سەينادا بولسا شونى چىقىرىپ قويۇشنى راستىنلا بولمىسا مۇشۇ تېمنى چىقىرىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.


توردىن كىنو، ناخشىلارنى چۈشۈرۈشتە تور ئاپشاركىسىنى ئىشلىتىڭ، بۇ يېشىل دېتال بولۇپ، ھەرقانداق كىنو ناخشىنىڭ ئادرېسىنى تىزلا تېپىپ بېرىدۇ.

## دېتالنى چۈشۈرۈش


دېتالنى چۈشۈرگەندىن كېيىن پىرىستىن يېشىڭ. ئاندىن پىرىستىن يېشىلگەن ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىدىكى WinPcap_4_0_beta2. exe دېگەن ھۆججەتنى ئىجرا قىلىپ قاچىلىۋېتىڭ. ئاندىن كېيىن 网络嗅探器. exe نى ئىجرا قىلسىڭىز مۇنداق بىر كۆزنەك قوزغىلىدۇ. بۇ كۆزنەك قوزغىلىشتىن ئىلگىرى بىرقانچە كىچىك كۆزنەكلەر ئالدىن قوزغىلىپ، تەڭشەشنى سورايدۇ. سىز داۋاملىق ھەئە دېگەن بۇيرۇقنى بەرسىڭىز ئاندىن تۆۋەندىكى كۆزنەك چىقىدۇ.



قىزىل دائىرە بويىچە چەكسىڭىز يەنە مۇنداق بىر كۆزنەك چىقىدۇ.




بۇ كۆزنەك ئېچىلغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكى قىزىل دائىرىلەرنىڭ 2ـتۈردىكى ئىككى خىل چۈشۈرۈش قوراللىنىڭ قايسىسى بولسا شۇنىڭ ئالدىدىكى چەمبەرگە چېكىتتىن بىرنى قويۇپ، 确定 نى بىسىپ چېكىنسەك بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئىككى خىل قورال بولماي 迅雷 بولسا ئۇ ھالدا 3ـتۈرنىڭ ئالدىغا چېكىتتىن بىرنى قۇيۇۋېتىپ، 4ـتۈردىكى چېكىت بار كۇنۇپكىنى باسساق يېنىدىكىدەك كۆزنەك ئېچىلىدۇ. سىز بۇ كۆزنەكتىن Cرايوندىكى 迅雷 نىڭ قاچىلانغان مۇندەرىجىسىنى تېپىپ، 5ـتۈر بويىچە تاللاپ، 6ـتۈر بويىچە 打开نى بىسىپ چېكىنسىز. ئاساسى كۆزنەككە قايتىپ كەلگەندىن تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات قىلىسىز:




يۇقىرىدىكى نومۇر خاتا سىلىنىپ قاپتۇ. ئاۋۋال سىز 2-تۈردە كۆرسىتىلگەندەك كۆزنەكنىڭ ئاق يېرىدە مائۇس ئوڭ كۆنۈپكىسىنى چەكسىڭىز يۇقىرىدىكىدەك سىيرىلما تىزىملىك چىقىدۇ، بىرىنچى تۈرنىڭ بالا تىزىملىكى ئىچىدىكى 视音频文件 دېگەن تۈرنى چېكىۋېتىسىز. ئاندىن 1-تۈردىكى 开始嗅探 دېگەن كۆنۈپكىنى بېسىۋېتىسىز.

دىققەت: يۇقارقى مەشغۇلاتلار تاماملانغاندىن كېيىن 开始嗅探 نى بېسىشتىن ئاۋۋال سىز چۈشۈرمەكچى بولغان ناخشا ياكى كىنو بار بەتنى ئېچىپ، شۇ كىنو ياكى ناخشىنى قويغاندىن كېيىن ئاندىن 开始嗅探 نى بېسىڭ. بىردەمدىن كېيىن قارىسىڭىز كۆزنەكنىڭ ئاق يېرىدە سىز توردا قۇيۇۋاتقان كىنو ياكى ناخشىنىڭ چۈشۈرۈش ئادرېسى پەيدا بولىدۇ. شۇ ئادرېسنى 复制 قىلسىڭىز چۈشۈرۈش قورالىڭىز بۇ كىنو ياكى ناخشىنى چۈشۈرۈشكە باشلايدۇ. قېنى سىناپ بېقىڭ.

# تورخاندا ئاقدىغان 10 ھۈنەر

يوللىغۇچى: يۈلغۈنجان

ئەزا بولسىڭىز سەيناغا كىرىپ كۆرۈڭ. ئىنتىلدا باي بولۇش تەس ئەمەس،

بىلگەننى يوللاڭ بىلمىگەن بىلىۋالسۇن، بىلمىگەننى يوللاڭ بىلگەنلەر دەپ بەرسۇن

1ـ «كومپيوتېرىم» نى تېز ئېچىش ؛ IE ئادرېس ستونىغا تۆۋەندىكىنى كىرگۈزۈپ Enter نى بېسىڭ

file:///::{20D04FE0-3AEA-1069-A2D8-08002B30309D}

2ـ «ئەخلەتخانا» نى تېز ئېچىش ؛ IE ئادرېس ستونىغا تۆۋەندىكىنى كىرگۈزۈپ Enter نى بېسىڭ

{file:///::{645FF040-5081-101B-9F08-00AA002F954E

3ـ «كونترول تاختا» نى تېز ئېچىش ؛ IE ئادرېس ستونىغا تۆۋەندىكىنى كىرگۈزۈپ Enter نى بېسىڭ

file:///::{20D04FE0-3AEA-1069-A2D8-08002B30309D}\::{21EC2020-3AEA-1069-A2DD-0800 2B30309D}

4ـ غول مۇندەرىجىنى تېز ئېچىش ؛ IE ئادرېس ستونىغا تۆۋەندىكىنى كىرگۈزۈپ Enter نى بېسىڭ

\Windows\system

5ـ MS-DOS قا تېز كىرىش؛ IE ئادرېس ستونىغا تۆۋەندىكىنى كىرگۈزۈپ Enter نى بېسىڭ

\command. com

6ـ «ھۆججەتلىرىم» نى تېز ئېچىش ؛ IE ستونىغا تۆۋەندىكىنى كىرگۈزۈپ Enter نى بېسىڭ

{file:///::{450D8FBA-AD25-11D0-98A8-0800361B1103

7ـ «تور قوشنا» نى تېز ئېچىش ؛ IE ئادرېس ستونىغا تۆۋەندىكىنى كىرگۈزۈپ Enter نى بېسىڭ

{file:///::{208D2C60-3AEA-1069-A2D7-08002B30309D

8ـ پروگراممىنى تېز ئىجرا قىلىش:( «خاتىرە دەپتەر»نى مىسال قىلدۇق ) IE ئادرېس ستونىغا تۆۋەندىكىنى كىرگۈزۈپ Enter نى بېسىڭ c:\windows\notepad.exe

9ـ ئادرېس ستونىنى تېز تاللاش؛ Alt+D نى ياكى F6 نى باسسىڭىز تاللىنىدۇ.

10ـ ئېلخەتنى تېز يوللاش؛ IE ئادرېس ستونىغا mailto:XXX@XXX.COM نى كىرگۈزۈپ بېقىڭ (X لار ئېلخەت ئادرېسىڭىزدىكى خەت) بۇ چاغدا سىستېمىنىڭ ئەسلىدىكى ئېلخەت(تورمەكتۇپ) يوللاش قورالى قوزغىلىدۇ.

# [ھۆنەر]مەڭگۈلۈك ئۆلىنىش، مەڭگۈلۈك باش بەت ئىنتىل

يوللىغۇچى: ئەلئوغلى

ئادەتتە IEنىڭ باش بېتىنى ئۆزىمىز ئۆنىڭ خاسلىقىدىن بەلگىلىۋالىمىز. لېكىن بىر ئادەم ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېر بولسا سىز بىر بەتنى باش بەت قىلىپ قويغان بولسىڭىز بۇ ئۆزگەرمەيدۇ لېكىن بىر دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېر بولسا سىز قىلىپ قويغان باش بەتنى باشقىلار ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭغا سىز بۇنى خەقمۇ ئاسان ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن مۇنداق قىلىڭ ئاۋۋال 开始-运行دىن regedit بىلەن كىرىڭ Ctrl+Fنى بىسىڭ چىققان كۆزنەككە start page دەپ يېزىپ مۇقۇملاڭ ئاندىن

شۈيەردىكى ئادرېس يېزىش ئورنىغا 错误！未定义书签。 نى يېزىپ ئاندىن مۇقۇملاپ چېكىنىپ چىقىڭ .

IEنىڭ خاسلىقىدىن بۇ بەتنى ئۆزگەرتىپ بېقىڭ ئۆزگىرەمدىكەن قېنى؟

# Google AdSense قائىدىسىگە خىلاپ قىلمىشلار

**يوللىغۇچى: يۈلغۇنجان**

**ھېساباتنى ئۆتكۈزۈش** ـ يول قويۇلمايدۇ، Google AdSense غا تىزىملاتقان توربەتنى سېتىۋالغان بولسىڭىز ئۆز نامىڭىزدا يېڭى AdSense ھېسابىغا تىزىملىتىشىڭىز كېرەك.

**ئېلان قويۇش** ـ ئوخشاش ئېلاننى بىر بەتتىكى 2 ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. Google AdSense for search مۇ شۇنداق.

**ئېلاننى ئالماشتۇرۇش**ـ ھەرقانداق ئۇسۇل قوللىنىپ ئېلان مەزمۇننى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**ئىشلەتكۈچىلەر يۇمشاق دېتالى**ـ Google ئېلانى ۋە ئىزدەش كودىنى ھەرقانداق يۇمشاق دېتالغا قوشۇشقا بولمايدۇ.

**كود ئۆزگەرتىش**ـ ئېلان كودىغا ھەرقانداق ئۆزگەرتىش قىلىشقا بولمايدۇ.

**ئېلان ۋە مۇلازىمەت رىقابىتى** ـ باشقا ئېلان ياكى مۇلازىمەتنى Google ئىزدەش رامكىسىغا قىستۇرۇشقا بولمايدۇ.

**ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ماتېرىياللار** ـ Google ئېلاننى MP3، سىن ھۆججەتلىرى، خەۋەر، سۈرەت قاتارلىقلار بار توربەتكە قويۇشقا بولمايدۇ.

**رىغبەتلەندۈرۈش**- بۇ يەرنى چېكىڭ، بىزنى قوللاڭ، بۇ يەرنى زىيارەت قىلىڭ دېگەندەك خەتلەرنى قوشۇپ باشقىلارنى ئېلان چېكىشكە ئۈندەشكە بولمايدۇ.

**ئېلان چېكىش**- ھەرقانداق ئۇسۇل ياكى ۋاستە ئارقىلىق ئېلاننىڭ چېكىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ.

**توربەتتىكى مەزمۇن**- تۆۋەندىكىدەك مەزمۇن بولسا بولمايدۇ؛

ئەدەپسىز سۆز-ئىبارىلەر

ئۆچ ئېلىش، زوراۋانلىق، كەمستىش، زەربە بېرىش مەزمۇندىكى سۆز-ئىبارىلەر

خاككېرلىق

قىمار

سېرىق، بالىلارغا زىيانلىق مەزمۇن

قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قوللاش

**توربەت ئىقتىدارى**- ئۇنۇمسىز ئۇلىنىش بولماسلىقى، زىيارەت قىلىشقا قۇلاي، نورمال بولۇشى كېرەك.

**توربەت ئىنكاسى**- زىيارەتچىلەرنىڭ تەلىپىگە ماس ئاكتىپ ئىنكاس بولۇشى كېرەك.

توربەت قۇرغۇلارغا تەۋسىيە؛

http://www.google.com/intl/zh-CN/webmasters/guidelines.html

مۇناسىۋەتسىز ياكى بەك كۆپ ئاچقۇچلۇق سۆزنى بەتكە قويۇۋالماڭ.

ھەقىقىي مەزمۇننى يوشۇرۇپ ئالدامچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ.

مەزمۇن كۆپ تەكرار بولغان بەتلەرنى قۇرۇۋالماڭ.

بەتتىكى ئۇلىنىش سانى 100 دىن ئېشىپ كەتمىسۇن.

توربەتنىڭ دۇنياۋى قاتارىنى ئاشۇرىدىغان ئۇلىنىشلارنى بولۇپمۇ ناچار بەت ئۇلىنىشلىرىنى قوشۇۋالماڭ.

# Google ئېلانىنى ئىلتىماس قىلىش

يوللىغۇچى: يۇلغۇنجان

Google دا ئۆيغۇرچە توربەتكە ئادەتتە ئېلان تەستىقلىمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن

1- ئامال توربەتنى مەلۇم (Google قوللايدىغان) يېزىقتا تەييارلاپ Google Adsense يەنى http://www.intil.cn/ ۋە www.intil.cn/ulinix تىكى Google Adsense دېگەن خەتنى بېسىپ Google ئېلانى ئىلتىماس قىلىش بېتىگە كىرىپ ماتىرماتېرىيالىيالىدۇرۇپ ئىلتىماس قىلىش. بۇنىڭدا تەييارلىغان بېتىڭىز قايسى يېزىقتا بولسا شۇ خىل يېزىقتا ئىلتىماس ماتىرىيالى تەمىنلەيدۇ.

2- تور بېتى يوقلارمۇ Google ئېلانىغا تىزىملىتالايدۇ ۋە [چاپلانما]Google دا ئۇيغۇرچە تور تۇرا (blog) ياساڭ دېگەن تېمىدا دېگەندەك http://www.blogger.com/ دىن بىر مەھەللە ئىلتىماس قىلىش بىلەن بىرگە ئېلان ئىلتىماس قىلىپ تور بېتىڭىزگە ئېلانىنى قويۇۋالسىڭىز بولىدۇ.

دىققەت؛ تور بېتىڭىزگە ئېلان قويغاندا باشقىلارنى مەجبۇرىي ئېلان چەككۈزمەڭ، كۆپ چەككۈزمەڭ.

سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

ئىنكاسچى: سىدىق

يۇلغۇنجان بۇ ھەقتە ئېنىق تەپسىلىي ماتېريال بىلەن تەمىنلىسەڭلار ئاڭلىسام ئىنتىلغا قويغان ئىلا

نىڭلارمۇ 5،6،

كۆن توختىلىپتىكەن قانداق قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردۈڭلار ؟؟؟؟؟؟ يەنە بىر ئىش مەن بۇ ئېلاننى

ئىلتىماس قىلسامۇ ئىلتىماسىم پەقەتلا تەستىقلانمايۋاتىدۇ مېنىڭ تور بېكىتىم بار سىز دەپ بېقىڭ م

ەن قايسى خىل ئۇسۇلسا ئىلتىماس قىلسام مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلالايمەن ؟؟؟

ئىنكاسچى: ـATAMANـ

بۇرۇن تىزىملاتقان بولسىڭىز قايتا تىزىملىتالمايسىز(بۇرۇن تەستىقتىن ئۆتۈپ بولغان بولسا).

بېتىڭىز ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشمىسە تىزىملىتالمايسىز. مەسلەن: بەتنىڭ ئۇلانمىلىرى كەم، ئاچقىلى

بولمايدىغان، يەنە ئۇلىنىش تور بەتلىرى تەستىقتىن ئۆتمەيدۇ.

ئىنكاسچى: يۇلغۇنجان

سىدىق، بىزنىڭ ئېلان ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن (يۇقىرىقىدەك مەسىلە بار دەپ قارىلىپ) توختىتىلغانىكەن،

ئۇلار قايتا تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. كېيىنكى سوئالغا «ئاتامان » جاۋاب بېرىپتۇ.

ئىنكاسچى: ئەنۋەر

تىزىملىتىش ئۇسۇلى:

بۇنى بېسىپ كىرىپ 申请 a d sense| دېگەن خەتنى بېسىپ ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ...

تىل تاللاش تۈرىگە كەلگەندە تور بېتىڭىز قايسى تىلدا تۈزۈلگەن بولسا شۇ تۈرنى تاللايسىز

ئەگەر ئۇيغۇرچە بولسا خەنزۇچە تۈرنى تاللىسىڭىز بولۇدۇ.تور بېتىڭىز بۇچاغدا چۇقۇم خەنزۇچە ئىشلىنىشى

كېرەك..ئەگەر ئۇيغۇرچە بولۇپ قالسا تەستىقلىمايدۇ...بۇنىڭ ئامالى توردىن خەنزۇچە مۇنبەر سىستېمىسىدىن

بىرنى چۈشۈرۈپ شۇ پېتى قويۇپ قويسىڭىزلا ئىش تامام..

# Google ئېلاننى ھەققىدە ئاددىي ساۋاتلار

يوللىغۇچى: يۇلغۇنجان

ناھايىتى ئاددىي، سىز google adsense غا كىرىپ تەلەپ بويىچە مۇناسىبەتلىك ئۇچۇرلارنى تولدۇرۇپ 提交申请 نى بېسىۋېتىپ ئۇلارنىڭ تورمەكتۇپى يوللىشىنى كۈتسىڭىز بولىدۇ. تەستىقلانغانلىق ئۇچۇرى كەلسە google adsense غا كىرىپ ئېلان كودىنى ئېلىپ تور بېتىڭىزنىڭ مۇناسىپ ئورنىغا قويسىڭىز بولىدۇ.

google adsense ئادرېسىنى بىلمىسىڭىز http://www.intilim.cn/ulinish تىكى google adsense دېگەن خەت بارئېلاننى باسسىڭىز بولىدۇ ياكى بۇنى بېسىپ كىرىڭ.

**قانچە ھېسابات ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ؟**

بىر ئادەم پەقەت بىرنىلا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. قانچە كۆپ توربېتىڭىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرلا ھېسابات يېتەرلىك. ئەگەر كۆپ ھېساباتىڭىز بولۇپ قالسا ئۇلارنىڭ تاقىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ.

**ئىلتىماس تەستىقتىن ئۆتمىسە قايتا ئىلتىماس قىلىشقا بولامدۇ؟**

ئىلتىماس تەستىقتىن ئۆتمەسلىك سەۋەبى نەچچە خىل بولۇپ مەسىلەن ئۇلارنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى توربەتنى زىيارەت قىلالماسلىق ئەھۋالى بولسا ئادەتتە ئېلخەت ساندۇقىڭىزغا مۇنداق ئۇچۇر كېلىدۇ؛

非常感谢您对 **Google AdSense** 的兴趣。很抱歉，在审核您的申请后，我们目前无法批准您参与 **Google AdSense** 。 我们将未批准您申请的原因列在了下面。 问题：- 网站浏览有困难.................................

بۇ ئەھۋالدا قايتا تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلىپ خەت قايتۇرۇپ بېقىڭ.

**google adsense نىڭ ئېلانىنىڭ شەكلى قانچە خىل؟**

google adsense نىڭ ئېلانىنىڭ شەكلى 3 خىل؛ 1ـ سى مەزمۇنلۇق ئېلان شەكلىadsense for content بولۇپ بۇنىڭ مەزمۇنى توربەتتىكى مەزمۇنغا ئاساسەن ئۆزلىكىدىن تەڭشىلىدۇ. بۇمۇ 2 خىل بولۇپ بۇنىڭ 广告单元 نىڭ خەت ۋە رەسىملىك، خىتلىك، رەسىملىك دەپ 3 خىل شەكلى بار، 链接单元 نىڭ 4 خەتلىك ۋە 5 خەتلىك دەپ 2 خىل شەكلى بار. 2ـ خىل شەكلى ئىزدەش شەكلى AdSense for Search بولۇپ google دىن ئىزدەش ۋە توربېتىڭىزدىن ئىزدەشنى بۇنىڭدا ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز. 3ـ خىل شەكلى تەۋسىيە 推介 شەكلى بولۇپ بۇ google adsense نى تەشۋىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سىز ھەربىر شەكلىنىڭ ئۆلچىمىنى ئېھتىياجىڭىزغا قاراپ تاللاپ ھاسىل قىلىپ بەرگەن كودنى ئېلىپ مۇناسىپ ئورۇنغا قويسىڭىز بولىدۇ.

بۇندىن باشقا يېڭىدىن google تور تېلېفونى AdSense for Mobile شەكلى قوشۇلدى.

**google adsense غا تىزىملىتىشتا تېلېفون نومۇرنى قانداق يازىمىز؟**

دۆلەت نومۇرى+ رايون نومۇرى+ تېلېفون نومۇرى. مەسىلەن قەشقەردە بولسىڭىز، مۇقىم تېلېفون نومۇرىڭىز 1234567 بولسا

86ـ998ـ1234567

يانفونىڭىزنى

86ـ013999826625

**Adsenseقانداق بەتنى تەستىقلىمايدۇ؟**

نەشر هوقۇقىغا دەخلى قىلىش خاھىشلىرى ئېغىر توربەتلەر ـ ناخشا-مۇزىكا چۈشۈرۈش كۆرۈش توربەتلىرى ھەمدە ئىگىلىك هوقۇقى ھازىرلانمىغان توربەتلەر. بالىلارغا زىيانلىق سېرىق مەزمۇنلار بار بولغان بەتلەر. زوراۋانلىق، شەخسلەرگە، تەشكىلاتلارغا قارشى مەزمۇنلۇق توربەتلەر.

google adsense قانچە ۋاقىتتا تەستىقلىنىدۇ؟

ئادەتتە 2ـ3 خىزمەت كۈنىدە تەستىقلايدۇ، تەستىقلانغان ياكى تەستىقلانمىغانلىق ئۇچۇرى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلىدۇ.

# Google دىن پۇل ئېلىش ئۇسۇلى ۋە ۋاقتى

يوللىغۇچى: يۇلغۇنجان

Google ئېلاننى قويۇش هوقۇقىغا ئېرىشكەندىن Google AdSense تىكى 报告 دىن 概述 نى ئېچىپ قارىسىڭىز ھېسابىڭىزدىكى پۇلىڭىز 100 دوللاردىن ئاشقاندا سىز ئۇنى نەقلەشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ. ئۇسۇلى مۇنداق؛

我的帐户 دىن 帐户设置 نى باسسىز. 付款细节 دىن [修改] نى باسسىز. بۇ يەردە 标 ـ 支票 准邮递 (بۇ ئادەتتىكى پوچتىدىن يوللاشنى كۆرسىتىدۇ) ۋە 支票 ـ 安全快递 ( بۇ بىخەتەر يوللاش بولۇپ رەسمىيەت ھەققى US$25.00 ) دېگەن 2 تۈر بار. سىز ئەھۋالىڭىزغا قاراپ تاللىسىڭىز بولىدۇ. تاللاپ بولۇپ 继 续 نى باسسىڭىز بولىدۇ.

2ـ نى تاللىغان بولسىڭىز سىزگە بىر دانە pin نومۇرى (个人识别码) بېرىدۇ، ئاندىن مەلۇم ۋاقىتتا Google دىن تېلېفون كېلىدۇ. بۇ ئاپتوماتىك تېلېفون بولۇپ سىز تەلەپ بويىچە pin نومۇرى (个人识别码) نى كىرگۈزۈپ تەلەپ بويىچە جەزملەش مەشغۇلاتى قىلىسىز.

ئەمدى ساقلىسىڭىز 2 ھەپتىدىن كېيىن Google دىن سىزگە خەت كېلىدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە سىز ئۇلارنىڭ adsense_zhs@goo ئادرېسىغا خەت يېزىپ پۇل چىقىم قىلىشنى توختاتسىڭىزمۇ ياكى ئادرېس ياكى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۆزگەرتمىسىڭىز سىزگە باشقىلار بىلەلمىگەندەك ھالدا بىر پوچتا يوللىنىپ كېلىدۇ. بۇ يوللانمىنىڭ ئىچىدە سىزگە ئۇنۇسخا پۇل چېكىنى بىلىپ كىملىكىڭىزنى قوشۇپ 2 نۇسخا كۆپەيتىپ «جوڭگو بانكىسى» غا مەلۇم قىلسىز. ئۇلار سىزدىن 30 يۈەن رەسمىيەت ھەققى ئۈزۈپ قالىدۇ. ( بۇ ھەق ئۆزگىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن) ئىسپات قىلىپ بېرىدۇ، تەخمىنەن 1 ئاي ۋاقىتتا كېيىن پۇلىڭىزنىڭ كەلگەنلىك ئۇچۇرىنى بېرىشى مۇمكىن. «جوڭگو بانكىسى» قولىڭىزدىكى ئىسپاتقا ئاساسەن سىزگە پۇلنى ئەۋەتىدۇ. ئايلىق ئامانەتكە قويغانلىق ئىسپاتىنى بېرىدۇ .( ئەلۋەتتە بۇ ۋاقىت ئىچىدە پۇلىڭىزغا ئۆسۈم بېرىدۇ) شۇنداق قىلىپ يەنە بىر ئايدىن كېيىن پۇلىڭىزنى ئېلىۋالسىڭىز بولىدۇ.

# QQ غىلا چىقىپ تورغا چىقالماسلىق مەسىلىسىنىڭ سەۋەبى

يوللىغۇچى: يۇلغۇنجان

QQ غىلا چىقىپ تورغا چىقالماسلىق مەسىلىسىنىڭ سەۋەبى

**1ـ ۋىرۇسنىڭ ئىشى**

بۇ ئەھۋال كۆپىنچە IE دا كۆرۈلىدۇ، IE نىڭ ئۆڭ ئاستى تەرىپىدە ئىنكاس يوقلۇقى ئىپادىلىنىدۇ. « ۋەزىپە باشقۇرغۇچ» 任务管理器 تا CPU نىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى كۆرىمىز. ئەگەر 100% بولسا ۋىرۇسلانغان بولىدۇ. بۇ چاغدا قايسى نەرسىنىڭ CPU نى ئىگىلىۋالغىنى تەكشۈرۈش كېرەك. تاپقاندىن كېيىن 结束任务 قىلىش كېرەك، ئۇنداق قىلغىلى بولمىسا سىستېمىنى قايتىدىن بىخەتەر ھالەتتە قوزغىتىپ ئۇنى ئۆچۈرۈش كېرەك، يەنى regedit نى ئىجرا قىلىپ، 查找 دىن پايدىلىنىپ تېپىپ ئۆچۈرۈش كېرەك. ( بەزى ۋىرۇسنى ۋىرۇس دېتالىمۇ ئۆچۈرەلمەيدۇ شۇڭا ئۆزىمىز ئۆچۈرۈشىمىز كېرەك)

**2ـ ۋاكالەتچى مۇلازىمېتىرنىڭ ئىشى.**

控制面板 دىن Intérnét 选项 نى 局域网设置 نى LAN 使用代理服务器 نى تاللاڭ. بۇنى تەڭشەش QQ نىڭ تورغا ئۇلىنىشىغا تەسىر قىلمايدۇ. چۈنكى QQ ئىشلىتىدىغىنى 4000□端口، ئەمما Intérnét نىڭ 80ياكى 8080□端口 بولىدۇ. ۋاكالەتچى مۇلازىمېتىر ئادەتتە تۇراقسىز بولىدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق بولسا ۋاكالەتچىلىكنى قالدۇرۇۋەتسە بولىدۇ.

3ـDNS مۇلازىمېتىرنىڭ ئىشى

DNSتور نام مۇلازىمېتىرى (Domain Name Server) بولۇپ ئۇنى كومپيۇتېر تونۇيدىغان IP ئادرېس قىلىش كېرەك. ئەگەر ئادرېسى http://www.sz.net.cn/ بولسا I P ئادرىس 21ئادرېسرېس54 بولىدۇ. http://www.szonline.net/ نىڭ بولسا IP ئادرىس 202.96.154.6بولىدۇ.ئەگەر DNS تاقىۋېتىشىدىن خاتالىق چىقسا تورغا چىققىلى بولمايدۇ. تېلېفون ئارقىلىق ISP ھەققىدە مەسلىھەت سوراش كېرەك. 路由器 پۈتۈن تاقىۋېتىش ياكى قايتا لاھپروگراممىسى. تۆۋەندىكىدەك قىلسىمۇ بولىدۇ.

控制面板—网络和拨号连接—本地连接—右键属性—TCP/IP 协议—属性—使用下面的 DNS 服务器地址

تور كارتىسىنىڭ قوزغىتىش پىروگراممىسى قايتا قاچىلاش ياكى ئۇنى ئالماشتۇرۇشنى سىناپ باقسىمۇ بولىدۇ.

بەزىدە بىز تورغا چىقۋاتقان چاغلىرىمىزدا QQ غا نورمال ئۇلانغان بولسىمۇ IE كۆز يۈگۈرتكۈچ ھېچقانداق تور بېكەتلەرنى ئاچالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىز كومپيۇتېرنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكۈڭىز كېلىپ كېتىدۇ. شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق قىلماڭ، مەن سىزگە كومپيۇتېرىڭىزنى ساقلاپ قېلىپ، تور بەتلەرنى ئاچالماسلىق مەسىلىسىنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىمەن.

بۇ خىل مەسىلە تۆۋەندىكىدەك 5 تۈرلۈك سەۋەبنىڭ خالىغان بىرسى يۈز بەرگەن بولسا ئەنە شۇنداق ھادىسە كېلىپ چىقىدۇ.

ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بۇ خىل ئەھۋال IE دا تورغا چىققاندا كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن باشقا ھەر

قانداق تور بەت كۆز يۈگۈرتكۈچنى قوزغىتىپ تورغا ئۇلانسىڭىزمۇ بەربىر تور بەتلەرنى ئاچالمايدۇ. IEنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ئۇچۇر كۆزنىكىدە ھازىر تورغا ئۇلىنىۋاتىدۇ. دەپ كۆرۈنىدۇ. بىراق بىر ھازاغىچە ساقلىسىڭىزمۇ ئېچىلمايدۇ.

ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى: سىز ئاۋۋال ۋەزىپە كونتروللىغۇچ نى ئېچىڭ (ئېچىش ئۇسۇلى: Ctrl+Alt+deleteكۇنۇپكىسىنى بىرلا ۋاقىتتا بېسىڭ)

ئاندىن CPU نىڭ ئىشلەش ئۈنۈمدارلىقى %100 بولسا ئۇنداقتا ۋىرۇس نىڭ چاقچىقى دەپ جەزم قىلسىڭىز بولىدۇ.

سىز مۇساپە (进程) كۆزنىكىدىن سىز CPU نىڭ مەنبە دېتالىنىنىڭ ئىجرا بولۇش ھۆججىتىنى ئىزدەپ تاپىسىز. ئەلۋەتتە CPU تىزىملىكىنىڭ ئۇدۇلىغا قاراپ، ھۆكۈم قىلسىڭىز بولىدۇ. ۋە ئاشۇ ئىجرا بولۇۋاتقان پروگراممىنىڭ ئىسمىنى ئېسىڭىزدە ساقلىۋېلىڭ.

ئاندىن سىز ۋەزىپە كونترولىدىن قايتىپ چىقىپ تىزىملاش جەدۋىلىنى قوزغىتىسىز.. ئۇسۇلى: باشلاش\ ئىجرا قىلىش\regedit. قوزغالغاندىن كېيىن تەھرىرلەش بۇيرۇق تىزىملىكىدىن ئىزدەش نى چېكىڭ ۋە بايا سىز ئېسىڭىزدە تۇتۇۋالغان پروگراممىنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزۈپ ئىزدەڭ. تېپىلغاندىن كېيىن دەرھال ئۆچۈرۈڭ. يەنە بىر نەچچە قېتىم قايتا-قايتا ئىزدەڭ. سىز ئاشۇ خىل ئىسىم بار پروگراممىنىڭ ھەممىنى تىزىملاش جەدۋىلىدىن ئىزدەپ تېپىپ پاك-پاكىز ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن بۇ مەسىلە ھەل بولىدۇ.

چۈشىنەلىدىڭىزمۇ؟

نېمە يەنە بولمىدىمۇ؟ يەنە تورغا ئۇلانسىمۇ لېكىن تور بەتلەرنى ئاچالمىدى؟

ئۇنداقتا:

2ـ سەۋەب: ۋاكالىتەن ئىشلىتىلىۋاتقان مۇلازىمېتىر( 代理服务器有关) غا مۇناسىۋەتلىك كاشىلا بۇ.

بىز كاللا ئىشلىتىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى: سىز ۋاكالىتەن ئىشلىتىۋاتقان مۇلازىمېتىر ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق پروگراممىلارنى دەرھال كومپيۇتېرىڭىزدىن تازلاپ، پاك-پاكىز ئۆچۈرۈۋېتىڭ. ئەگەر بۇنداق نەرسىنى ئاڭلىمىغان بولسىڭىز، كومپيۇتېرىڭىزدىكى IE نىڭ ۋاكالەتچى مۇلازىمېتىر تۇر تەڭشىكىنى

تەكشۈرۈپ بېقىڭ. يەنى: كونترول تاختىسى->Intérnét تاللانما تىزىملىكى-> ئۇلىنىش-> دائىرىلىك تورنى تەڭشەش-> Lan ۋاكالەتچى مۇلازىمېتىر غا كىرىپ ( 控制面板--Intérnét 选项—连接—局域网设置—为 LAN 使用代理服务器) قاراپ بېقىڭ. ئادەتتە QQ پونكىتى ۋاكالەتچى مۇلازىمېتىر ياكى ۋاكالەتچى IP ئادرېسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى QQنىڭ ئۇلىنىش ئېغىزى 400 پورت يەنى ئېغىز بولىدۇ. IE ئۇلىنىدىغان ياكى ئادەتتىكى تور لىنىيىسىنىڭ ئۇلىنىش ئېغىزى 80 ياكى 800 بولىدۇ. ۋاكالەتچى مۇلازىمېتىرمۇ مۇقىم بولمايدۇ. شۇڭا كۆپ كىشىلەر QQ نىڭلا تورغا ئۇلىنىپ، باشقا تور بېكەتلەرنى ئاچالماسلىقنىڭ سەۋەبى ھەر قانچە ئويلاپمۇ تاپالمايدۇ. بىراق، سىز مانا ھازىر تېپىۋالدىڭىز. شۇنداقمۇ؟

خوش، گېپىمىزنىڭ ئاخىرىغا كېلەيلى:

بىلىۋالغىنىڭىز ياخشى بولدى. سىز دەرھال ئاشۇ ۋاكالەتچى مۇلازىمېتىر ياكى ۋاكالەتچى .. غا مۇناسىۋەتلىك بارلىق تۈرلەرنى ئەمەلدىن قىلدۇرۇۋېتىڭ. جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن بەلكىم كومپيۇتېرىڭىزنى قايتا قوزغاتمىسىڭىز يەنىلا تورغا چىقىپ دوستلىرىڭىزغا ئۇچۇر يوللىيالمايسىز.

بۇنداقمۇ قىلدىڭىز. بىراق يەنىلا تور بەتلەرنى ئاچالمىدىڭىزمۇ؟ ھەي، ئۇنداقتا بۇ يەنە تۆۋەندىكى سەۋەبتىن بولغان:

3. ONS مۇلازىمېتىرنى ئىزاھلاش پروگراممىسى دىكى خاتالىق.

ئاتالمىش ONS دېگىنىمىز ( Domain Name Server ) ئىنتېرنېت دائىرە نامىنىڭ IP ئادرېسىنى كومپيۇتېر سانلىق مەلۇمات تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان پروگراممىدۇر.

ئەگەر ONS مۇلازىمېتىردا خاتالىق چىقسا كومپيۇتېرىڭىزنى بىر گايىتسقا كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا تورغا ئۇلانمايدۇ. سىز بىر گايىتس بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرمەڭ، مەنلا دەپ بېرەي؛ ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققان بولسىڭىز سىز دەرھال تورغا ئۇلاش سودىسى( ئادەتتە رايونىمىزدا تېلېگراف ئىدارىسى مەسئۇل) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارغا تېلېفون قىلىپ تورغا چىقالماسلىق مەسىلىڭىزنى ئىنكاس قىلىپ ISP نى سۈرۈشتە قىلسىڭىز بولىدۇ. بەزىدە تور كارتىڭىزدىكى بەزى مەسىلەرمۇ ISP نىڭ DNS مۇلازىمېتىرغا ئۇلىنالماسلىق مەسىلىسى كۆرىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز روتېر( 路由器) نى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئىشىكىڭىز

ئالدىغا بىر چىقىپ يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ، بىر تال تاماكا چېكىپ كىرىپ ئاندىن كىرىپ ئېچىڭ. تورغا ئۇلاڭ. قانداق بولدىمۇ؟ يەنە بولمىدىما؟ ئۇنداقتا سىز سىز روتېر( 路由器) نىڭ قوزغاتقۇچىسىنى ياكى تورغا ئۇلاش جەريانلىرىنى ھەم تور كارتىسىنىڭ قوزغاتقۇچىسىنى قايتا قاچىلاڭ. تورغا ئۇلاش جەريانلىرىنى قايتا تەڭشىگەندە بۇ جايلارنى تەڭشەڭ: 控制面板—网络和拔号连接—本地连接—右键属性（, (TCP/IP—)协议—属性—使用下面的 DNS 服务器地址 ئوخشىمايدىغان ISP نىڭ DNS ئادرېسمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەگەر سىز تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئابونتى بولسىڭىز دائىملىق ئىشلىتىدىغان ئادرېس 202.96.134.133 بولىدۇ. زاپاس ئىشلىتىلىدىغان ئادرېس 202.96.128.68 بولىدۇ. (كۆپىنچە ئەھۋالدا مۇشۇ ئادرېس سىزنىڭ DNS ۋە IP ئادرېسىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى تەڭشەكلەر بۇلارغا ئوخشاش بولمىسا سىز قايتا تۈزەڭ. ئاندىن جەزملەشتۈرۈڭ.

يەنە چۈشۈنەلمىدىڭىزمۇ؟ ياكى يەنە بۇ ئامالنى قىلسىڭىزمۇ تور بەتنى ئاچالمىدىڭىزمۇ؟

ئۇنداقتا تۆۋەندىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن:

4. IE نىڭ سىستېما ھۆججىتى يوقۇلۇپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن. بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال بىر قەدەر كۆپ كۆرىلىدۇ.

بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى:1) سىستېما دائىملا قېتىۋېلىش ياكى سىستېمىنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن ئاستىلاپ كېتىش ياكى كومپيۇتېر ئۆزلۈكىدىن تۇيۇقسىز قوزغىلىپ كېتىش سەۋەبلىك يوقاپ كېتىدۇ.. 2) قاتتىق ۋە يۇمشاق دېتاللار توقۇنۇشۇپ قالغان بولۇپ، بەزى پروگراممىلارنى قاچىلىغاندا تور كارتىسى ياكى IE نىڭ سىستېما ھۆججەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. بەزىدە ۋىندوۋس XP SP1 مۇھىتىدا Intel نىڭ CPU سىنى سەپلىگەن چاغدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال كۆرىلىپ قالىدۇ. 3) ۋىرۇس سىزگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ مۇناسىۋەتلىك سىستېما ھۆججەتلىرىنى يەۋەتكەن.. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز تۆۋەندىكى بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش كۆزنىكىدە ئىجرا قىلىپ كۆرۈڭ.

باشلاش ـ> ئىجرا قىلىش:

Shdocvw. dll regsvr32

regsvr32 Shell32. dll بۇ بۇيرۇقىا دىققەت قىلىڭ. بولمىسا كومپيۇتېرىڭىز پالەچ بولۇپ قالىدۇ.

regsvr32 Oleaut32. dll

Actxprxy. dll regsvr32

regsvr32 Mshtml. dll

regsvr32 Urlmon. dll

Msjava. dll regsvr32

regsvr32 Browseui. dll

بۇ بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىپ بولغاندىن كېيىن كومپيۇتېرنى قايتا قوزغىتىپ سىناپ بېقىڭ. يەنە بولمىسا، يەنە بىر قېتىم ئىجرا قىلىپ كۆرۈڭ.

5. IE ھۆججەتلىرى بۇزۇلغان. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز جىددىيلەشمەڭ. سىز دەرھال UKIJ نىڭ ئەزالىرى توپلانغان QQ توپىدىكى ئەزالىرىدىن Internit explore نىڭ 7.0 نەشرىنى قاچىلاڭ.

ـــــ ئىزاھات: بۇ خىل ئەھۋالغا مەن توختىماي 2 ئ. ايغىچە ئۇچرىغان. چارىسىنى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالماي بەك جىلە بولغان ئىدىم..... تۇيۇقسىز بۇ خىل چارىنى تېپىۋالدىم،..... مانا ھازىر تورغا نورمال چىقىۋاتىمەن.

يۇقىرىقى ئۇسۇلدا يەنە تورغا ئۇلىنالمىسىڭىز... ئۇنداقتا بىلىك تور بېكىتىدىكى كىچىكلىتىلگەن Win XP ياكى Win2000 نىڭ قايسى بىرى بولسا شۇنى توردىن چۈشۈرۈپ قاچىلاڭ. تور بەتنى پەقەت ئاچالمىغان ۋاقىتتا قايتا قاچىلاش ئەڭ ئاقىلانىلىك چارە. شۇ سەمىڭىزدە بولسۇن، بېشىغا ۋاكالەتچى كېلىدىغان پروگراممىلارنى ئىشلەتمەڭ. چۈنكى، ئاشۇنداق ۋاكالەتچى پروگراممىنى قوزغىتىپ تۇرۇپ تورغا چىققاندىن كېيىن كومپيۇتېرىڭىزنىڭ ISP نىڭ DNS مۇلازىمېتىر ئادرېسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ دە يۇقىرىقىدەك بىر تالاي ئىشلارغا يولۇقىسىز.

تېمىنىڭ ئەسلى تەييارلىغۇچىسى؛ ياسىن ئۇيغۇر

# باشقىلارنىڭ QQ سىنى كومپيۇتېردا تىزىملاتقىلى بولمايدىغان قىلىپ

يوللىغۇچى: TAPAR

ئەسسالام توردا شلار

مەن ياتاقتا ياتىمەن، ياتىقىمدا مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ كومپيۇتېرىم بار، ياتاقتىغۇ كومپيۇتېرىمنى ئۆزۈم خاتىرجەم چ چ غا چىقىپ ئوينىيالمايمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مېنىڭ ياتاقداشلىرىم چ چ غا چىقىپ، ماڭا كومپيۇتېر تەگمەي قالىدۇ. چ چ نى يۈيۈۋەتسەم ئۇلار يەنە قايتا كومپيۇتېرىمغا چ چ نى قاچىلاپ چ چ غا چىقىدۇ. مەن چىقمىسام ئۇلار كومپيۇتېرىمنى ئېچىپ چ چ غا چىقىدۇ. شۇڭا مەن سىلەردىن مۇشۇ ياردەمنى سورىماقچى:

يەنى باشقىلارنىڭ چ چ نومۇرىنى مېنىڭ كومپيۇتېرىمدا چىقالمايدىغان، لېكىن باشقا كومپيۇتېردا نورمال چىقىدىغان، ھەم مېنىڭ چ چ نومۇرۇم ئۆزۈمنىڭ كومپيۇتېرىمدا نورمال چىقىدىغان بىر كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئامال بارمۇ؟ يەنى ئۇلارنىڭ چ چ نومۇرىنى مېنىڭ كومپيۇتېرىمدا چىقالمايدىغان قىلىۋېتىش ئويۇم بار ئىدى. باشقىلارنىڭ چ چ نومۇرىنى مېنىڭ كومپيۇتېرىمدا توڭلىتىۋەتكىلى بولامدۇ؟

پىكىرىڭلارنى ئايىماي بەرگەيسىلەر،

ئىنكاسچى: تۇلپار1978

ھەي، بۇنىڭ چارىسى بىرلا، يەنى سىز كومپيۇتېرىڭىزغا بىر دانە قاتتىق دىسكىنى قوغداش كارتىسى سېتىۋېلىڭ. 硬盘保护卡، بۇنى ئىشلىتىش ئىنتايىن ئاسان، پەقەت كومپيۇتېرىڭىزنىڭ ئاساسىي ماشىنىسىدىكى PCI ئوقۇرىغا سېلىپ، كومپيۇتېرىڭىزدىكى سىستېما رايوننى قوغداش كارتىسى ئارقىلىق قوغداپ تاشلىسىڭىزلا بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا سىزدىن باشقا ئادەم كومپيۇتېرىڭىزغا قالايمىقان بىر

نەرسلەرنى قاچىلغاندا، سىز كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتسىڭىزلا، قاچىلغان نەرسلەرنىڭ ھەممىسى بىكار بولىدۇ.

بۇنداق قىلالمىسىڭىز، مېنىڭچە سىز كومپيۇتېرىڭىزغا قوزغالغان ۋاقىتتا مەخپىي نومۇر ئورنىتىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ بىخەتەر بولىدۇ.

قاتتىق دىسكىنى قوغداش كارتىسىنىڭ بازاردىكى باھاسى 30-50 يۈەن ئەتراپىدىچە.

ئىنكاسچى: خىزىر

بۇ تامامەن مۇمكىن بولىدىغان ئىش. سىز ئالدى بىلەن كېيىۇ كېيىۇ قاچىلىغان مۇندەرىجىگە كىرىڭ، قارىسىڭىز سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزدا تىزىملاتقان نومۇرلار مۇشۇ يەردە كېيىۇ كېيىۇ نومۇرى بىلەن مۇندەرىجە قۇرۇپ ئاندىن تېك شۇننىڭ مۇلازىمېتىرىدىن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىنى شۇ مۇندەرىجىنىڭ ئىچىگە يېزىپ ئاندىن ئىچىلىدۇ، دېمەك بۇ جەريانلاردا بۇ مۇندەرىجىگە باشقا ئۇچۇرلارنى يازىدۇ دېگەن گەپ، شۇڭا سىز ئىچىشنى چەكلىمەكچى بولغان نومۇر مۇندەرىجىسىگە كىرىپ بارلىق ھۆججەتلەرنى تاللاپ خاسلىقىنى 只读 پەقەتلا ئوقۇلىدىغان ئۇچۇر يازغىلى بولمايدىغان قىلىپ قويۇڭ. قارشى تەرەپنىڭ يامان چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھۆججەتلەرنى يوشۇرۇۋەتسىڭىز مۇ بولىدۇ.

ئىنكاسچى: TAPAR

خىزىر ئەپەندى رەھمەت سىزگە، بۇ ئامالىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ئوبدان چارىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ چ چ سىنى سىناپ باقتىم. مەن بۇ تېمىنى بىلىك، ئىنتىل، دىيارىم مۇنبەرلىرىدە يوللىغان. ئۇ ياتاقداشلىرىمغا چ چ ، كىنو، ناخشا، ئويۇن بولسىلا بولدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇكەمگىچە بىرەر مۇنبەرگە كىرىپ باققىنىنى كۆرمىدىم. شۇڭا بۇنىڭدىن مەن خاتىرجەم.

خىزىر ئەپەندى سىزگە كۆپ رەھمەت!

# شنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ خەرىتىسى تېپىلدۇ(توپلام)

يوللىغۇچى: چېۋەر

Xinjiang map

توپلامغا قېنى مەرھەمەت

# كومپيۇتېر تورىدىكى دائىرە نامىغا ئائىت ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا

يوللىغۇچى: قانۇن

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كومپيۇتېر تورىدىكى دائىرە نامىغا ئائىت ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا قانۇننى تەتبىقلاشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىزاھاتى

س ئى (2001) 24 ـ نومۇرلۇق

(2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ 1182 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى، 2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئېلان قىلدى، 2001 ـ

يىل 7 – ئاينىڭ 24 – كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ)

كومپيۇتېر تورىدىكى دائىرە نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە ئائىت ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى (تۆۋەندە دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرى دېيىلىدۇ) توغرا سوت قىلىش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» (تۆۋەندە ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى دېيىلىدۇ)، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى» (تۆۋەندە ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى دېيىلىدۇ) ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» (تۆۋەندە ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى دېيىلىدۇ) قاتارلىق قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بېرىلدى:

1 – ماددا كومپيۇتېر تورىدىكى دائىرە نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىقلارغا ئائىت ھەق تەلەپ ماجىرالىرىدا دەۋالاشقۇچىلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە قىلغان دەۋالاردىن تەكشۈرگەندە، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 108 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە چۈشىدىغانلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

2 – ماددا دائىرە نامى ھوقۇقىغا دەخلى – تەرز يەتكۈزۈش ماجىرا دېلولىرى ھوقۇققا دەخلى – تەرز يەتكۈزۈلگەن جاي ياكى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. ھوقۇققا دەخلى – تەرز يەتكۈزۈلگەن جاي ياكى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايىنى بېكىتىش تەس بولسا، دەۋاگەر سەزگەن شۇ دائىرە نامىدىكى كومپيۇتېر تېرمىنالى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر بار جاي ھوقۇققا دەخلى – تەرز يەتكۈزۈلگەن جاي دەپ قارالسا بولىدۇ.

چەت ئەلگە چېتىشلىق دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرى دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ چەت ئەللىك، دۆلەت تەۋەلىكى يوق كىشى، چەت ئەل كارخانىسى ياكى تەشكىلاتى، خەلقئارا تەشكىلات بولغان ۋە ياكى رويخەتكە ئالدۇرۇلغان جاي چەت ئەلدە بولغان دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە تۇغۇلغان چەت ئەلگە چېتىشلىق دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىدا

باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 4 ـ قىسمىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بېكىتىلىدۇ.

3 ـ ماددا دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ تالىشىۋاتقان قانۇن مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىغا كومپيۇتېر تورىدىكى دائىرە نامى دېگەن سۆز قوشۇلىدۇ؛ تالىشىۋاتقان قانۇن مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش تەس بولسا، كومپيۇتېر تورىدىكى دائىرە نامى ماجىرا دېلوسى دەپ ئاتالسا بولىدۇ.

4 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، تۆۋەندىكى شەرتلەرگە توشىدىغانلىرىنى جاۋابكارنىڭ دائىرە نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى ھوقۇقنا دەخلى ـ تەرز يەتكۈزۈشكە ياكى ناتوغرا رىقابەتلىششكە توشىدۇ، دەپ بېكىتىشى كېرەك:

(1) دەۋاگەر قوغداشنى تەلەپ قىلغان ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇنلۇق ۋە كۈچكە ئىگە بولسا؛

(2) جاۋابكارنىڭ دائىرە نامى ياكى ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى دەۋاگەرنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى كۆپەيتىۋېلىش، تەقلىد قىلىۋېلىش، تەرجىمە قىلىۋېلىش ياكى ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىۋېلىشقا توشسا؛ ياكى دەۋاگەرنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى، دائىرە نامى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بولغانلىقتىن ياكى ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغان بولسا؛

(3) جاۋابكارنىڭ شۇ دائىرە نامىدا ياكى ئۇنىڭ ئاساسلىق قىسمىدا ھوقۇق ـ مەنپەئەتى بولمىسا، شۇ دائىرە نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىشنىڭمۇ ئورۇنلۇق ئاساسى بولسا؛

(4) جاۋابكار شۇ دائىرە نامىنى يازغان غەرەزدە رويخەتكە ئالدۇرغان، قوللانغان بولسا.

5 ـ ماددا جاۋابكارنىڭ ھەرىكىتىدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بارلىقى ئىسپاتلانسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى يامان غەرەزدە بولدى دەپ بېكىتىش كېرەك:

(1) باشقىلارنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى سودا مەقسىتىدە دائىرە نامى قىلىپ رويخەتكە ئالدۇرۇۋالسا؛

(2) دەۋاگەرنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى، دائىرە قاتارلىقلارغا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان دائىرە نامىنى سودا مەقسىتىدە رويخەتكە ئالدۇرۇپ، قوللىنىپ، دەۋاگەرنىڭ مەھسۇلاتى، مۇلازىمىتى ياكى تور بېتى بىلەن قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، تور ئابونتلىرىنى ئۆزىنىڭ تور بېتى ياكى باشقا

لىنىيەدىكى بېكەت ـ نۇقتىلارنى زىيارەت قىلىشقا خاتا يېتەكلىسە؛

(3) شۇ دائىرە نامىنى چاقىرىق ئارقىلىق يۇقىرى باھادا سېتىپ، ئىجارە بېرىپ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئۆتۈنۈپ، نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشىۋالغان بولسا؛

(4) دائىرە نامىنى رويخەتكە ئالدۇرغاندىن كېيىن ئۆزى زادىلا قوللانماي، قوللىنىش كويىدىمۇ بولماي، ھوقۇقدارنىڭ شۇ دائىرە شۇ دائىرە نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇشنى مەقسەتلىك توسسا؛

(5) يامان غەرەزدىكى باشقا ئەھۋاللار بولسا.

جاۋابكار ماجىرا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىلكىدىكى دائىرە نامىنىڭ خېلى داڭقى بارلىقىنى ھەمدە ئۇنى دەۋاگەر رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى، دائىرە نامى قاتارلىقلاردىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىپ ئىسپاتلاپ بەرسە ياكى ئۆزىنىڭ يامان غەرەزدە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان باشقا ئەھۋاللار بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكارنى يامان غەرەزدە بولدى، دەپ بېكىتمىسە بولىدۇ.

6 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ تەلىپىگە ۋە دېلونىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسىنىڭ داڭقىنى قانۇن بويىچە بېكىتسە بولىدۇ.

7 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، مۇشۇ ئىزاھاتنىڭ 4 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە چۈشىدىغان ئەھۋاللاردىن ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ھوقۇققا دەخلى ـ تەرز يەتكۈزۈشكە توشىدىغانلىرىغا مۇناسىپ قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىنى تەتبىقلىشى كېرەك؛ ناتوغرا رىقابەتكە توشىدىغانلىرىغا ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 4 ـ ماددىسىدىكى ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى 2 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىنى تەتبىقلىسا بولىدۇ.

چەت ئەلگە چېتىشلىق دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرى ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 8 ـ بابىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

8 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دائىرە نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ھوقۇققا دەخلى ـ تەرز يەتكۈزۈشكە ياكى ناتوغرا رىقابەتلىشىشكە توشىدۇ دەپ بېكىتكەندە، جاۋابكارنى

هوقۇقىقا دەخلى ـ تەرز يەتكۈزۈشنى توختىتىشقا، دائىرە نامىنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈشكە بۇيرۇسا بولىدۇ ياكى دەۋاگەرنىڭ تەلىپى بويىچە، شۇ دائىرە نامىنى دەۋاگەر رويخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىشقا بۇيرۇسا بولىدۇ؛ هوقۇقدار ئەمەلىي زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، جاۋابكارنى زىياننى تۆلەشكە بۇيرۇسا بولىدۇ.

# كومپيۇتېر قوزغالسىلا تورغا ئۇلىنىدىغان قىلىش

يوللىغۇچى: يۇلغۇنجان

1ـ ئۇسۇل؛ روتېر (路由器) ئىشلىتىش، رەسىملىك ئىشلىتىش قوللانمىسىدا بار.

2ـ ئۇسۇل؛ 1. ئاۋۋال 宽带连接 قۇرۇش.

2. كونترول تاختا(控制面板) غا كىرىپ. 连接 Intérnét 网络和 نى چېكىپ. 网络连接 نى چېكىپ 网络连接 كۆزنىكىگە كىرىپ، 网络连接 غا ئوڭنى چېكىپ خاسلىقنى تاللاڭ.

选项 نى تاللاڭ، 拨号选项 دىكى 连接时显示连接进度 ۋە 提示名称、密码和证书等 نىڭ تاللىنىشنى ئېلىۋېتىپ جەزملەڭ.

يۇقىرىقى تور ئۇلىنىشى (宽带连接) نىڭ تېزلەتمە شەكلىنى كۆچۈرۈپ باشلاش ـ پروگراما ـ قوزغىلىش قا چاپلاپ قويۇڭ. ئورنى؛

C:\Documents and Settings\All Users\「开始」菜单\程序\启动

3ـ ئۇسۇل؛ تور ئۇلىنىشى قۇرۇپ بولۇپ بىر دانە تېكىست هۆججەتى قۇرۇپ تۆۋەندىكى كودنى كۆچۈرۈڭ؛

```
:Code
echo off
宽带连接 rasdial szabcabc@163.gd 88888888
```

بۇنىڭدىكى szabcabc@163.gd سىزنىڭ تورغا ئۇلاش ھېسابات نومۇرىڭىز، 88888888 دېگىنى تورغا ئۇلاش پارولىڭىز. (بۇلارنى ئەلبەتتە ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزگەرتسىڭىز بولىدۇ) ئۆزگەرتكەندىن كېيىن bat قىلىپ ساقلاپ تېزلەتمە شەكلىنى كۆچۈرۈپ پىشلاش ـ پروگراما ـ قوزغىلىش قا چاپلاپ قويۇڭ. ئورنى؛

C:\Documents and Settings\All Users\「开始」菜单\程序\启动

http://www.51adsl.cn/JiShu/7.html

http://www.kekehaha.cn/archiver/tid-1993.html

http://www.peuol.com/blog/read.php?125

http://img.ku6.com/common/V2.0.baidu.swf?vid=zzB86enywGlj9sID&c=3480

# [چاپلانما]Googleدا ئۇيغۇرچە تور تۇرا (blog) ياساڭ

يوللىغۇچى: ئەنۋەر

https://www.blogerco/start

مۇشۇ يەردە، gmail خەت ساندۇقىڭىز بولسا ئاسان ئىش .

Google تور تۇراسىدا FTP ھۆججەتلىرىنى يوللاش مۇلازىمىتى ئېچىلدى.

ئۇيغۇرچىنى تونۇتالمايۋاتقان دوستلار eot ھۆججىتى قىستۇرۇپلىڭلار!

يوللاش ئۇسۇلى: تورتۇرانىڭ باشقۇرۇش سەھنىسىدىن settings ياكى 设置 نى بېسىپ 发布 publishing نى تاللىساق، FTP ئارقىلىق ھۆججەت يوللاڭ دېگەن تۇر بار!

(تور نورمال بولمىسا كېيىنرەك سىناڭ) بىلىكتىن رەتلەندى.

# [ياردەم]تور قوشنا مەسلىسى ـ 网有重名络

يوللىغۇچى: ئاۋۇت

مەن ئويۇمدىكى ADSL نى 路由器 ئارقىلىق قوشنىلىرىم بىلەن ئورتاق پايدىلىنىۋاتاتتىم، بىر نەچچە كۈن بولدى كومپيۇتېرىمنى قوزغىشىم بىلەنلا داڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ 网络有重名 دەيدىغان ئۇچۇر چىقىۋالدىغان بوپ قالدى، لېكىن تورغا نورمال ئۇلىنىدۇ، نورمال مەشغۇلات قىلالايمەن. دوستلار ياردەم قىلساڭلار بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ياكى باشقىلار مېنىڭ ھېسابات نومۇرۇم مەخپىي نومۇرۇم بىلەن تورغا چىقىۋاتامدىغاندۇ؟ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق ئۇچۇر چىقىۋالىدۇ؟

ئىنكاسچى: يۇلغۇنجان

我的电脑 دىن 属性 دىن 计算机名 دىن 更改 计算机名 نى تاللاپ باشقا ئىسىم ئىشلىتىپ بېقىڭ.

ئىنكاسچى: گۈزەل ـ قاغىلىق

منىڭ بۇرۇن شۇنداق چىقىدىغان بولىۋالغان يۇلغۇنجان ئەپەندى سىز دېگەندەكمۇ قىلىپ ئوقىشىيالمىدىم ..... مەيلى قانداق بولسا مەيلى سىستېمىنى قايتا قاچىلىسام ئوقىشلىپ قالدى.......

ئىنكاسچى: ئاۋۇت

يۇلغۇنجان رەھمەت سىزگە، سىز دېگەندەك قىلىپ jujumao دېگەن ئىسمنى ئۆزۈمنىڭ ئىسمىغا ئۆزگەرتىپ كومپيۇتېرىمنى قايتا قوزغاتقان ئىدىم راستىنلا ئوقىشلىپ قاپتۇ، رەھمەت سىزگە



# فىلىم، ئاۋاز ۋە رەسىم ھۆججەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن نامىنى بىلەمسىز؟

كۆلكە0997 تەييارلىغان( ئېلان قىلىنمىغان)

بىز كومپيۇتېر بىلەن شۇغۇللانغانلا بولساق ۋە ياكى كىنو، ناخشا - مۇزىكا ۋە رەسىم ھۆججەتلىرىنى كۆرگىنىمىزدە ئالدىمىزغا ھەرخىل شەكىلدىكى كىنو - فىلىم، ناخشا - مۇزىكا ۋە رەسىم ھۆججەتلىرى ئۇچرايدۇ، بەزىلىرىنى بىر قاراپلا بىلەلەيمىز ئەمما بەزىلىرىنى مۇنداقلا قاراپ كىنو ھۆججىتىمۇ ۋە ياكى ناخشا ھۆججىتىمۇ ياكى باشقا ھۆججەتمۇ بىلەلمەيمىز.

ھەتتا بەزىدە قانداق ئېچىش قايسى دېتال ئارقىلىق ئېچىشنىمۇ بىلمەي قالىمىز. تۆۋەندە مەن مەخسۇس كىنو - فىلىم، ناخشا - مۇزىكا ۋە رەسىم ھۆججەتلىرىنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى بىرمۇ بىر چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچى:

### 1. كىنو - فىلىم ھۆججەتلىرى:

| № | كۆپ ئۇچرىتىدىغان شەكىللەر | كېڭەيتىلگەن نامى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| 1. | MPEG (كىنو) | MPEG | |
| 2. | MPEG (كىنو) | MPG | |
| 3. | Windows (كىنو) | AVI | |
| 4. | MPEG - 4(كۆپ ۋاستە ھۆججىتى) | MP4 | |
| 5. | DVD (كىنو) | VOB | |
| 6. | DVD (كىنوئۇچۇرى) | IFO | |
| 7. | IFO (نىڭ زاپاس ھۆججىتى) | BUP | |
| 8. | سىپىرلىق كىنو | DV | |
| 9. | Windows(كىنو) | DVR-MS | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| .10 | (كىنو)VCD | DAT | |
| .11 | (كۆپ ۋاستە شەكلى)Divx | Divx | |
| .12 | (كىنو)Quicktime | MOV | |
| .13 | قاتتىق دىسكا تېلېكامېرا كىنوسى | MOD | |
| .14 | (كىنو) Windows Media (TM) | WMV | |
| .15 | AVISynth | AVS | |
| .16 | (تارماق كىنو)Windows | ASF | |
| .17 | (كىنو) MPEG | M1V | |
| .18 | (پىروگراممىسدىكى تارماق شەكىل)MPEG ـ 2 | تارماق شەكىلM2P | |
| .19 | (كىنو) MPEG | M2T | |
| .20 | (كىنو) MPEG | M2V | |
| .21 | (كىنو) Micro MV | MMV | |
| .22 | MPEG ـ 2 | TRP | |
| .23 | (سۈرەتلىك)Flash | FLV | |
| .24 | (سۈرەتلىك) Shockwave Flash | SWF | |

## .2 ناخشا ـ مۇزىكا ھۆججەتلىرى:

| № | كۆپ ئۇچرىتىدىغان شەكىللەر | كېڭەيتىلگەن نامى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| 1 | (ئاۋاز) AAC | AAC | |
| 2 | (ئاۋاز)AC3 | AC3 | |
| 3 | (ئاۋاز) AIFF | AIF | |
| 4 | (ئاۋاز) AIFF | AIFF | |
| 5 | (ئاۋاز)CD | CDA | |
| 6 | (ئاۋاز)MPEG | MP2 | |
| 7 | (ئاۋاز)MP3 | MP3 | |
| 8 | MP3قويۇش تىزىملىك جەدۋىلى | M3U | بۇنىڭ سىغىمى بەك كىچىك پەقەت دىسكىدىكى بالىق ناخشىلارنى ساقلاپ بېرەلەيدۇ |
| 9 | (ئاۋاز)AAC | M4A | |
| 10 | ئاۋاز قويۇش تىزىملىك جەدۋىلى | PLS | |
| 11 | (ئاۋاز) Windows Media (TM) | WMA | |
| 12 | (ئاۋاز)Windows | WAV | |
| 13 | (ئاۋاز)Windows | WAVE | |
| 14 | (ئاۋاز تەرتىپ)MIDI | MID | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 15 | MPEG(ئاۋاز) | MPA | |
| 16 | MIDI(ئاۋاز تەرتىپ) | RMI | |

### 3. سۈرەت هۆججەتلىرى:

| № | كۆپ ئۇچرىتىدىغان شەكىللەر | كېڭەيتىلگەن نامى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| 1 | JPEG (سۈرەت) | JPEG | |
| 2 | Windows(بىتلىق سۈرەت) | BMP | |
| 3 | نەقىش ئالماشتۇرۇش شەكلى (سۈرەت) | GIF | |
| 4 | JPEG (سۈرەت) | JPG | |
| 5 | تور يولىدىكى نەقىش (سۈرەت) | PNG | |
| 6 | Photoshop(سۈرەت) | PSD | |
| 7 | Truevison Targa(سۈرەت) | TGA | |
| 8 | بەلگە سۈرەت هۆججىتى | TIF | |
| 9 | بەلگە سۈرەت هۆججىتى | TIFF | |
| 10 | سىنبەلگە هۆججىتى | ICO | |
| 11 | Photo CD(سۈرەت) | PCD | |
| 12 | Paintbrush(سۈرەت) | PCX | |
| 13 | JPEGتور يولى نەقىش سۈرىتى | JNG | |
| 14 | Windowsتەسۋىر ئېلمىنتى هۆججىتى | WMF | |
| 15 | X11(بىتلىق سۈرەت) | XBM | |
| 16 | Portable Pixelmap(سۈرەت) | PPM | |
| 17 | WildTangent PNG هۆججىتى | WPG | |

سۈرەت شەكىللىرىنىڭ داۋامى بار ئىدى مۇشىنچىلىك كۆرستىپ تۇراي ..........

بىزنىڭ كۆرمىگەن شەكىللىرىمىز تېخى نۇرغۇن. ئەمما يۇقىرىدىكى شەكىللەرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ۋەزىپىسى ۋە ئىشلىتىش ئورنى بار.

ئىنتىل سەيناسى ئېلېكترونلۇق تور ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق تۇنجى سانى بۇ قېتىم سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى بەزى يەرلەردە بەلگىلىك خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭدىنمۇ ياخشى قىلىپ ياساپ تارقىتىمىز . تەكلىپ پىكىر بەرگەيسىزلەر !

2008 ـ يىل 2 ـ ئاي

تەھرىر ۋە كوررېكتور : كۆلكە0997

ژۇرنال ئىشلىگۈچى : كۆلكە0997